**2009·4**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

源泉(布拉克) · BULAK

ISSN 1005-0876
08>

## «فەرھۇل - قۇلۇب» نىڭ قول يازمىلىرىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر



نۇسخىدىن A



نۇسخىدىن B



نۇسخىدىن C



نۇسخىدىن D

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

30 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 127 ـ سان

بۇ ئالەم ئەرە بىلىك دۇنيادا ھەرۋاق ،
بىرى - دۆلەتنى قولدا ساقلاش .

ئالەم خەلق كىشىنى كۆرمەيسەن خۇش چاغ .
ئۈچىنچىسى - خەستە: ئالتۇن ۋە كۈمۈش .

بىرى، ھەسەتخوردۇر ، نە دە يۈرسىمۇ،
دىلىنى باراۋەر ئىككىگە بۆلمىش .

ئۆزگىلەر بەختىدىن ئۆرتەندۇ ئۇ .
غەم يەيدۇ، يېقىرلىق چۈشمىگەي ناگاھ ،

ئۆزىدىن باشقىنى بەختلىك كۆرگەن كۈن،
بولمىغاي، دەر، يورۇق كۈنلىرىم قارا .

ئەلەمدىن جېنىغا چۈشىدۇ ئوچقۇن.
بەشىنچىسى - مەنسەپپەرەس كىشىدۇر ،

ئىككىنچىسى كەيچى، ئاداۋەتچىدۇر ،
ئۆز گۆشىنى يېمەك ئۇنىڭ ئىشىدۇر .

يامان خۇلۇق، يامانلىققا دەۋەتچىدۇر.
ئارزۇسى يۇقىرىغا ئۆرلىمەك ھامان ،

ئۆزگىگە قىلمىسا ئۈچلۈك مالامەت ،
قىيىنلار تاشلىماي مۆلجەلگە ئارقان .

ئۇنىڭ ئۆزىنى تېشەر ئاداۋەت .
ئالتىنچىسى - ئەدەپ ، ئەخلاق دۈشمىنى ،

ئۈچىنچىسى - بېخىل باي بولغان كىشى ،
ئەدەبلىكلەر ئۇنىڭ ھەر چاغ دۈشمىنى .

كۈن ۋە تۈن ئىككى خىل ئۇنىڭ تەشۋىشى:
ئەيشى بىنەسىپ بولغاچ ئەدەبسىز ،

بىرى يىمىگۈپ مال، دۇنيا توپلاش ،
باشقىلارنى كۆرۈپ ئۆرتىنەر دەردسىز.

— ئابدۇراخمان جامىي

خەتتات: شەيدائى

# بۇلاق

2009 - يىللىق 4 - سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


فەرەھۇل - قۇلۇب ...................... موللا ئەبدۇررەھمان ئىبنى قۇربانبەگ ئەبدىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

نايىخان شېئىرلىرىدىن ...................................................... (40)

توپلاپ رەتلىگۈچى: بوغدا ئابدۇللا


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«تەزكىرەتۇش - شۇئەرا»دىن ........................................ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي (43)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇسۇپ ئىگەمبەردى


### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


مەككە، مەدىنەغە بارىدىغان يولنىڭ ئۆچۈرى ...................................... (63)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

**بالبال ھەققىدە** ........................................ **تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى** (69)
**قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا** ... **گۈلجاھان خۇشدىل** (77)

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

**يۇرتىمىزنىڭ دورىگەرلىكى** ........................................ **مامۇت قۇربان** (81)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

**ساخاۋەت ئەجرى** (چۆچەك) ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: **راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم** (89)
**يىلپىزخان** (داستان) ........................................ توپلاپ رەتلىگۈچى: **شىرىپجان قاسىم** (108)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: تېھراندا نەشر قىلىنغان **«غەزەلىياتى سەئدىي»** ناملىق كىتابقا ئىشلەنگەن فوتو سۈرەت (رەسسام: **ئەلى رىزا ئاقامىرىي**)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : **مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

تەكلىپلىك كوررېكتور : **ۋەلى زەيدۇن**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**

خەتتات: **قۇربانجان روزى، مەمەت نەۋبەت**

**تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)**
**ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى:** bulak@yahoo.cn
**تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)**

مولللا ئەبدۇررەھمان ئىبنى قۇربانبەگ ئەبدىي



# فەرھەۇل قۇلۇب

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «فەرھەۇل - قۇلۇب» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»، مەلىكە ئامانىنساخان نەفىسىينىڭ «شۇرۇھۇل - قۇلۇب» قاتارلىق ئەخلاقىي، پەلسەپەۋى ئەسەرلىرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇھىم نامايەندە. بۇ ئەسەر ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، نەسرىي ۋە نەزم ئارىلاش ھالەتتە ئىجاد قىلىنغان. بۇ ئەسەردىكى نەسرىي قىسىملار مۇئەييەن ۋەزىن، رىتىم ۋە قاپىيىگە ئىگە، شېئىرلار بولسا ۋەزىن جەھەتتىن راۋان، ئۇسلۇب جەھەتتىن گۈزەل بولۇپ، بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە تىرەن. ئەسەردە كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، رەڭدار ۋە ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن نامايەن قىلىنغان. بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما، ئەسەردە ئەينى دەۋرنىڭ قىسمەن نامۇۋاپىق ئىدىيىۋى خاھىشلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن، بۇنداق نۇقتىلار ئەسەردە گەرچە ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يەنىلا تەنقىدىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«فەرھەۇل - قۇلۇب»نىڭ مۇئەللىپى ئەبدۇررەھمان ئىبنى قۇربانبەگنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر قولۇمدا بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا، بۇ ئەسەرنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر قولىيازما نۇسخىسىنىڭمۇ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتىن بۇرۇن، بۇ تۆت قولىيازمىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، بۇ نۇسخىلارنى A، B، C، D دېگەنناملار بىلەن ئاتىدىم، ئاندىن A نۇسخىنى ئاساس قىلىپ تاللىۋالدىم، قالغان B، C، D نۇسخىلارغا ئەسەر تېكىستىنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، پەرقلەرنى ئەسەر ئاخىرىسىدا ئىزاھلىدىم.

A نۇسخا مۇھەممەدشاھىيۇنۇسخان خاجە ئىبنى ئىشان خاجە ئىبنى ئىشان مەرغىنانىي تەرىپىدىن ھىجرىيە 1263 - يىلى (مىلادىيە 1847 - يىلى)، يەنى قوي يىلى جەمادىيەل - ئاخىر ئېيىدا كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما سېپتا ئىشلەنگەن خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 95 ۋاراق (190 بەت)، ھەر بېتىدە 13 قۇر خەت بار، فورماتى: 26 × 15 سانتىمېتىر.

B نۇسخا ھىجرىيە 1353 (مىلادىيە 1934) - يىلى زۇلھەججە ئېيىدا كۆچۈرۈلگەن. قولىيازمىدا كۆچۈرۈلگەن ئورۇن ۋە كاتىپنىڭ نامى ئەسكەرتىلمىگەن. بۇ قولىيازما ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتە ئوتتۇراھال سەۋىيىدىكى خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 140 ۋاراق (280 بەت) تىن تەركىب تاپقان، قولىيازمىنىڭ ھەربىر بېتىگە 13 قۇردىن تېكىست كۆچۈرۈلگەن. قولىيازمىنىڭ فورماتى 20 × 13 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىدىن توققۇز بەت، ئاخىرىدىن 24 بېتىگە «فەرھەۇل - قۇلۇب» بىلەن مۇناسىۋەتسىز تېكىست كۆچۈرۈلگەن.

C نۇسخا ھىجرىيە 1354 - يىلى (مىلادىيە 1935 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما خوتەننىڭ ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن يىپەك قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 216 ۋاراق (432 بەت)، ئۇنىڭ 118 ۋاراق (236 بەت)ىغا «فەرھەۇل - قۇلۇب» كۆچۈرۈلگەن، قالغان 98 ۋاراق (196 بەت)قا مەۋلانا غىياسىددىن تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان «مىرئاتى شەرئ»

ناملىق نەزمىي ئەسەر كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1356 ـ يىلى (مىلادىيە 1937 ـ يىلى ) كۆچۈرۈپ تاماملانغان. قولىيازمىنىڭ خەت شەكلىدىن قارىغاندا، ھەر ئىككى ئەسەر بىر كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. ئەمما، قولىيازمىدا كاتىپنىڭ نامى ئەسكەرتىلمىگەن.

D نۇسخىنىڭ، بۇ قولىيازمىسى ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ قولىيازما ھەققىدە ئە. م . موغىنوف تۈزگەن «سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: « فەرھەۇل ـ قۇلۇب»، ئاپتورى ئەبدۇررەھمان، لەقىمى ئەبدىي ... 126 ۋاراق، ھىجرىيە 1280 ـ يىلى (مىلادىيە 1863، 1864 ـ يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن. كۆچۈرگۈچى مۇللا مۇھەممەد سالىھ ئىبنى غۇربەت سۇپى①.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنىڭ تەپسىلىي تەۋسىپى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش زۆرۈر. تۆۋەندە «فەرھەۇل ـ قۇلۇب»نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

(بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم)

ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ـ ئالەمىن ۋەلئاقىبەتۇ لىلمۇتتەقىن ۋەسسەلاتۇ ۋەسسەلامۇ ئەلا رەسۇلىھى مۇھەممەدىن ۋەئالىھى ۋەئەسھابىھى ئەجمەئىن. يەئنى ھەمدى پەرۋەردىگارى ئالەمىيان ۋە جۇملەئى جەھانىيان، خالىقى كۇللى شەيئى، رەززاقى كۇللى ھەيىي، يەئنى، مۇرادى ئاقىبەت، ئاخىرەت، پاك ۋە پەرھىزكار جەزايى نىكانى بىھىشت، جەزايى بەدبەختانى دەۋزەخ. بەئد ئەز ھەمد دۇرۇدى بەر رەسۇلى نازىل باد ـ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ـ رەھمەتى بىئالى ئىشان، ئەسھابى ئىشان، ئان ساقىئى مۇل، ھادىئى جۇز ۋە كۇل؛ ئان گەۋھەرى ئەۋلادى بەنى ئادەم ۋە رەسۇلى نەبى ۋە چەراغى دىنىغە خاتەم، ھىدايەت شەمئىنىڭ ياغى، تالىب پەرۋانەسىنىڭ چەراغى، مۇھەببەت جانۋەرىنىڭ سەمەندەرى، ئىشق ئەتراقىنىڭ قەلەندەرى ۋە فىردەۋس ئىقلىمىنىڭ شاھى، فەلەك خەيلىنىڭ مىھرۇ ماھى، مۇسھەف گىرىھلەرىنىڭ كۇشادى، ئىمان گۇلشەنىنىڭ بادى، جەھان شاھلارىنىڭ تاجى، دىن مەملۇكىنىڭ خىراجى، ۋەھدەت شەرابىنىڭ جامى، [A1] مۇھەببەت خۇمىنىڭ كامى، مەيخانە ئەھلىنىڭ ئارامى، خانەقا ۋەھشىيلەرىنىڭ رامى ۋە مەكتۇب خەيلىنىڭ نەزىرى، خىرەد قۇشلارىنىڭ پاك زەمىرى، يەئنى ئىمامى باسەفا ۋە بەرگەزىدەئى پىشەۋا، مەھبۇبى ئىلاھى قابە قەۋسەينى ئەۋئەدنا، نامى مۇبارەك ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا ـ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ۋە ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ۋە ئەۋلادىھى ۋە زۇررىياتىھى ۋەسسەلەم. ۋە ئان شاھبازى مەئرەفەت، غەۋۋاسى ھەقىقەت، خۇرشىدى شەرىئەت، ئان شەرق تا غەرب، ساھىبى لاتافەت. نەزم:

كەۋكەبى ھەمە پەيغەمبەرىشان مىھرۇ مۇنىر،
ئان لەمئەئى ماھشان خۇرشىد زەمىر.
شۇكرى ئاڭا ئەيلەدى كەلامىن ھادىس،
يول ئالدى سەنەم سارىغە ھەر شاھۇ فەقىر.

ئول زاتى پاكنى ئۆز نۇرىدىن ياراتىپ، ئانىڭ تىفەيلىدە كەۋنەين قۇدرەتى بىرلە بەرپا بولدى. «كۇنتۇ كەنزەن مەخفىييەن» پەرۋەردىگارى ئالەم، بەسەبەبى مۇھەممەد ـ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم، ـ ئاشكارا بولدۇم دېدى، «لەۋلاكە لىما خەلەقتەل ـ ئەفلاك». جەمىئ ئەشيانى ۋە فەلەكنى خەلق قىلدى.

① ئە . م . مۇغىنوف: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرۇش» 1962 ـ يىلى، موسكۋا 147 ـ بەت

يەئنى ئانىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولدى. قۇدرەت جىلۋەسىنى ھۆۋەيدا قىلىپ ئادەمنى تۇفراقدىن ياراتىپ، ھەۋۋانى ئادەمدىن ياراتتى. ئەزازىلنى خىلافى مەشۇەرەتدىن ئەدۇ قىلدى. ئەسلى ئوتدۇركى، ئەللاھ تەئالا خەلق قىلدى. دۇدىدىن دىۋنى، شۇئلەسىدىن فەرىشتەنى، لەخچەسىدىن نەبلىييەت ۋە تەبلىيەتنى، بۇ ئىككىسىدىن ئەزازىل ئىبلىس بولدى. ئىبادەت سەبەبىدىن مەقامى ئەئلاغە چىقتى. [A2] بەيت:

ئادەمنى ياراتتى خاكدىن بارغۇسى خاك،
ئىبلىسكە چۇن قىلدى بۇ ئوت قارىنىنى چاك.
كىم ئەسلىدىن ئايرۇ قەدەم ئۇردى خىرەد ئەل،
گەر دۇررۇ جەۋاھىر نجس ئولسە نى پاك.

ئەمما، قۇدرەتى قەدىمنى جىلۋەدىن زاھىر قىلىپ، ئادەمنى بىھىشت ئىچرە كىرگۇزدى. «بۇغدايىنى يېمە» دەپ نەھى قىلدى، شەيتانغە: «يېدۇر» دەپ ئەمىر قىلدى. ئالەمى باقىيدىن ئالەمى فانىيغە رىھلەت قىلدۇردى. نەفس ۋە شەيتاننى دۇشمەن قىلىپ، ئالەمنى شەۋق ۋە زەۋقى نەفسانىي، ھاۋاھۇ ھەۋەسى شەيتانىي، مىھنەت ۋە مۇشاققەت، ئەلەم ۋە ئازار، خارلىق ۋە زارلىق، پەيدالىق ۋە نابۇدلىق، گۇمراھلىق ۋە ئاگاھلىق، ھەسرەتلىق ۋە ئارزۇلىق، رەنجلىق ۋە ئاپەتلىق، ھەرىسلىق ۋە فەرامۇشلىق، زىيالىق ۋە رەئنالىق، تەلخلىق ۋە شىرىنلىق، جىلۋە ساز ۋە خۇلق ئاغاز، لەتىفلىق ۋە دىلفەرىبلىق ياراتتى. مەقسۇد بۇكى، مەردۇ نامەردنى تەفرىقە قىلماق ۋە ھەر يولنى كىرگۇزۇپ، بىرنى شاھ، ۋە بىرنى گادا، بىرنى غەنى، بىرنى فەقىر ۋە بىرنى ئاشىق، بىرنى مەئشۇق قىلدى. بۇ بارچە نەفسۇ شەيتان، ئەقلۇ ئىماننىڭ ئەسبابىدۇر. كىمگە ئەقلۇ ئىمان يار بولسە، ماسەۋاللاھ جىلۋەسىدىن ئۆتۇپ، تەڭرى تەرىقىغە يول تاپار، كىمنى نەپسۇ شەيتان ئەفسۇن قىلسە، بۇ ئەسبابلار بىرلە ئۆزگە كارغە كىرگوزۇر.

ئەمما، [A3] ئىجمائى پەيغەمبەر ئۆز قوۋملىرىنى راست يولغە دەئۋەت قىلدىلار. ھەربىرلەرغە بىر شەرىئەتنى خۇدايى تەئالا ئەمىر قىلدى. ھېچقايىسى خىلاف ئەمەس. خۇدايى تەئالانى تانۇماقلىققە يول كۆرسەتتىلەر.

ئەمما، ئان ھەزرەت ـ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ـ خەتمى پەيغەمبەر بولماقدە ھىكمەت بۇ ئېردىكى، رۇھلارىنى ھەممەدىن ئىلگەرى خەلق قىلدى، ۋە جەسەدلەرى ئاخىر پەيدا بولدى. سۇخانى ئەسل ئۇلدۇركى، شەرىئەتلەرى بارچە شەرىئەتدىن ئەفزەل ئېردى. فەساد زۇلمەتىنى خۇرشىد ياڭلىغ يا ـ رۇتماق ئۇچۇن، دىنى زەئىفىينى قەۋى قىلماق ئۇچۇن، ۋە كۇفرىنى ئىسلامغە مۇبەددەل قىلماق ئۇچۇن، ئۇل رۇھى پاكنى ئاخىر زەماندە خەلق قىلدى. ئاڭا تۆرت يار بەردىكىم، ئالار بىرلە دىن نۇرى ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىلدى. ئۇل تۆرتلەرىنى شەرىئەت ئېلى: «تۆرت تامى قەلئەئى شەرىئەت» دېدىلەر. ھەركىم ئالارنىڭ بىرىگە مۇنكىردۇر، كافىردۇر. تەرىقەت ئېلى بىرلەرىنى سىددىق، بىرلەرىنى ھىممەت ۋە ھىلم، بىرلەرىنى ئەدل، بىرلەرىنى مۇھەببەت دېدىلەر. ھەر كىمدە بۇ بىرى يوق، خۇدانى تاپماق يوق دېدىلەر. ھەقىقەت ئېلى بىرلەرىنى مەي، بىرلەرىنى ساقى، بىرلەرىنى شەۋق، بىرلەرىنى مەھۋ دېدىلەر. ھەر كىمدەكى بۇ تۆرتى يوق، فەنا ھەم يوق دېدىلەر. بەيت:

جان دىلدە دېسۇن① تۆرتلەرغە بىر نەچە ئەلقاب،
يار ئەۋۋەلى بەكر ئېردىكى سادىق دېدى ۋەھھاب.

ئىككىنچى ئۇمەر يارى ئىدى ئاڭلا [A4] شەھى ئەدل،
جەمئ ئەتى كەلامىنكى ئۇسمان دۇرى ناياب.

تۆرتۈنچى ئەلى شىرى خۇدا ساھىبى دۇلدۇل،
ئىسلام جەھانىغە بولار خۇرشىدۇ مەھتاب.

ئىتمام تاپالماسكى قىيامەتغىچە ئەۋساف،
مىڭ تىل بولۇر ئەز ئەبدىيكى ھەر تىلدە مىڭ ئەلقاب.

ناگاھ رۇھ جانۋەرى گۇلشەنى ئەئلاغە پەرۋاز قىلدى. چۇن داۋۇد سۇخەن ئاغاز قىلدى.مۇھەببەت بۇيى دىماقىغا يەتتى، رەسۋالىق كوچەسىنى سەير ئەتتى، فەنا كۇنجىنى ماكان تۇتتى؛ ئۆزىنى رىندلەر بەزمىغە ياۋۇتتى؛ يارۇغدە قۇدرەت جىلۋەسىغە مەغرۇر، زۇلمەتدە خىرەت جەمالىغە مەسرۇر؛ مۇھەببەت شارابىنىڭ ئابكەشى، مەيخانە ساقىسىنىڭ جۇرئە چەشى؛ زاھىر ئەلىنىڭ خىرابى، باتىن دەريالارىنىڭ گىردابى؛ غەم لەشكەرىنىڭ شاھى، ھىجران سەۋادىنىڭ ماھى؛ مىھنەت② ھەرەمىنىڭ پاسبانى، ھەسرەت ئېلىنىڭ سۇخەندانى؛ ئاشىق ئەھلىنىڭ مەھرەمى، دەرد ئەھلىنىڭ ھەمدەمى؛ گەدا ئەھلىنىڭ خانەسى، غەرب ئېلىنىڭ غەمخانەسى؛ جۇنۇن مەھەللەسىنىڭ غەۋغاسى؛ دەھر ئېلىنىڭ ماجەراسى؛ مۇھەببەت خەيلىنىڭ ئەلەمى، ھىجران دەفتەرىنىڭ قەلەمى؛ فەلەك زۇلمىنىڭ سۇپەرى، خىرەد شاھبازىنىڭ شەفپەرى، يەئنى ئەبدۇررەھمانەل ـ مۇلەققەب بىئەبدي شۇرىدە ھال، ھىجران لەشكەرگە پايمال؛ ھەسرەت ئىلكىدىن ياقاسى چاك، فەلەك زۇلمىدىن كۆزلەرى نەمناك؛ دەھر ئېلىنىڭ نادانلىغىدىن كۆڭلىدە غەم، مەئشۇق ئېلى بىۋەفالىقىدىن جىسمىدە يۈز مىڭ [A5] ئەلەم؛ كۆڭۈل ناسازۋارلىقىدىن ھۇشسىز، ئىشق غەلەبەسىدىن خامۇشسىز؛ كۆز گىريانلىغىدىن سىررىم ئاشكارا، تىل سۇخەنىدىن كۆكسۇمدە خارا؛ بىگانەلەر سۇھبەتىدىن ھالىم خەراب، ھىكايىلەر مەزمۇنىدىن دىل دەر ئېزتىراب؛چەمەن گۇلىدىن ئۇمرىمدە خەزان، بۇلبۇللار نالەسىدىن خاتىرىم پازمان؛ خۇب رەۋلەر ئىشقىدىن كۆڭلۇم دەرجۇش، بىۋەفا بەدئەھد ئەھلىدىن ئەقلىم بىھۇش. ۋەفا ئەھلىنى تاپالماي ئاۋارە؛ گۇل دەپ ئېلىك سۇنسام، ئېلكىمدە خارە. فەنا ئەھلىگە كۆڭۈل بەردىم، ھەلاكلىككە يەتتىم؛ رۇزگار ماجەراسى بىرلە تەن مۇلكىدىن كەتتىم. زىينەت ئەھلىگە كۆڭۈل باغلادىم، ۋەيران بولدى؛ ھەيات ئەھلى بىلە ئەنس تۇتتۇم، دەۋر ساقىسى ھەيران بولدى. دانا ئەھلى بىلە ئۇلفەت قىلدىم، بۇزۇلدى؛ نادان ئېلى ناھەمۋارلىغىدىن ئەقلىم توزولدى. دوستلار جۇدالىغىدىن باغرىمدا قان، دۇشمەن ئەلىنىڭ سىتەمىدىن يۈز مىڭ دەرد ئىلە جان. شاھلار زۇلمىدىن ئالەم خەراب، بىچارەلەر نالەسىدىن كۇسۇف ئافتاب. خاتۇنلار بىھايالىغىدىن ئەرلەر زەلىل، بەخىللەر فەسادىدىن كەسرلەر قەلىل. ئالىملار بىئەمەلىدىن ئالەم فىتنە ئەنگىز، زالىملار سەياسەتىدىن مۇئمىنلەردە خۇنرىز. پادشاھلار بىئەدلىدىن گۇناھسىز ئەلدە جەبر، ۋەزىرلەرنىڭ بىفەراسەتىدىن كوچەلەردە گەبر. شەرىئەت [A6] يوقىدىن بارچە گۇناھ، ھىدايەت پىنھانىدىن ھەممە گۇمراھ. فەلەك بىفەراسەتىدىن ئەخمەقۇ نادان ئىئتىبار، ئىبرەت يوقىدىن ئاقىل ۋە رىند ئەھلى نائىئتىبار. خىرەت سەۋادىدىن بارچە خەتا، ئەكسەف خەلقلەر نادان ئاللىدا ئەتا. كۆز يۇقىدىن مۇشاھىدەئى سەنئەت يوق، ھۇش يۇقلۇغىدىن ياخشىيۇ ياماندىن ئىبرەت يوق. ئىززەت سۇرەتدە، كۇلفەت سىرەتدە؛ ئىكران غەنىيدە، ئىزاھ فەقىردە، بورىيا ئەسىلدە، تەخت بىئەسلدە. زاغلار باغدە،

ئەندەلىبلەر تاغدە. تۇتىيلار گۇم بىلە، خۇش سۇخەن بۇم بىلە.

ئەلقىسسە، بۇ ۋاقەئەلەرنى تەفەككۇر قىلىپ، ھەيران ئەھلىگە بىر سەھىپە يازماق ئارزۇ بولدى. تا ئانكى، ياخشى ۋە يامانىنى فەرق قىلغاي. گۇلدىن تىكەننى ئايىرغاي، [دۇرنى سەدەفدىن چىقارغاي] ③، ئۇلارنى④ ھەم تانۇغاي، ئۇزىنى ھەم تانۇتقاي. ھەقنى ئاشلاغاي⑤، ناھەقنى تاشلاغاي دەپ، بۇ ئۇمىد بىرلە كاغەز يۈزىنى قارا قىلدىم. دانا ئەھلى تەسەۋۋۇر بىرلە سۆز نۇقسانىن تاپىپ ئەتا قەلەمى بىرلە راستلاغاي، ناتەمام ھۇرۇفلارنى ئەقل لەۋھىغە كەلتۈرۈپ ئاراستلاغاي؛ ناقىس سۇخەنلەرنى ئەۋز ئېتىپ سۆز قىلغاي. بىمەئنى ئەخبارلارنى گۇلى مەئنىلەر بىرلە تەرتىب بىرىپ دۇئا قىلغاي دەپ، بىرنەچچە ھەۋادىساتى ئەلەمدىن، بىرنەچچە مۇناسىباتى ئادەمدىن ئەخبار جەمئ قىلدىم. قەلبلەر كۇشادى ۋە جان مۇرغىنىڭ ئازادى ھاسىل بولدى. راھلار ئاچىلدى، دۇررى سۆزلەر ساچىلدى. بۇ سەبەبدىن [A7] «فەرھۇل ـ قۇلۇب» ئات قويۇلدى. تا ئانكى، ئوقۇغۇچى ۋە ئېشىتكۇچى نەفئلەر ئىلتىكەي، غەمناك ئەھلى فەرەھلىك تاپقاي، گۇمراھ ئەھلى يول تانۇغاي، ياخشى ـ يامانىنى فەرق قىلغاي، ئەمرنى تىز ۋە نەھىدىن پەرھىز قىلغاي؛ بەندەلىك سىفەتىنى ۋە ئۇممەتلىك پەيرەۋنى بەرجا كەلتۇرگەي. [بۇ كىتاب يىگىرمە فەسل بىرلە ئىتمام تاپىلغاي]⑥.

ئەۋۋەلقى فەسل «ئەقل زىكرىدە»، ئىككىنچى فەسل «تەۋبە زىكرىدە»، ئۇچۇنچى فەسل «سەبر زىكرىدە»، تۆرتۇنچى فەسل «جەزب زىكرىدە»، بەشىنچى فەسل «سەمائ زىكرىدە»، ئالتىنچى فەسل «ئىشق زىكرىدە»، يەتتىنچى فەسل «مەي زىكرىدە»، سەككىزىنچى فەسل «خامۇشلىق زىكرىدە»، توققۇزىنچى فەسل «پىر زىكرىدە»، ئونۇنچى فەسل «فەنا زىكرىدە»، ئون بىرىنچى فەسل «تالىب زىكرىدە»، ئون ئىككىنچى فەسل «تەجرىد زىكرىدە»، ئون ئۇچۇنچى فەسل «ئۇمر ئاتىدە جان نېچۈك جەۋلان قىلۇر، ئانىڭ زىكرىدە»، ئون تۆرتۇنچى فەسل «ئىمان گەۋھەرى ۋە مۇھەببەت بالى زىكرىدە»، ئون بەشىنچى فەسل «جەھان رەئنالارىغە كۆڭۈل بەرمەك زىكرىدە»، ئون ئالتىنچى فەسل «جەھان بىۋەفالىقىنىڭ⑦ زىكرىدە»، ئون يەتتىنچى فەسل «بىئەقل، ناقابىل زىكرىدە»، ئون سەككىزىنچى فەسل «غەرىب ۋە مۇسافىر زىكرىدە»، ئون توققۇزۇنچى فەسل «ئەھمەق، دانالار زىكرىدە»، يىگىرمىنچى فەسل «ۋەفا بىرلە بىۋەفا زىكرىدە» [بەيان بولۇنۇر]⑧.

## ئەۋۋەلقى فەسلكى ئەقل زىكرىدەدۇر

ئەقل ــ جانۋەرىيدۇركى، بەلەند پەرۋاز؛ ۋە ئالەمگىردۇر، شاھباز. ئەقل ــ زەۋق ئەھلىگە ئەرغەنۇن [A8]، ۋە شەۋق⑨ ئەھلىگە زۇفۇنۇن. ئەقل ــ جاراھەت ئەھلىگە مەرھەم، غەم خەيلىغە مەھرەم. ئەقل ــ ئەيب ئەھلىگە سىرپۇش، ۋە ۋۇجۇد خەيلىغە شەكەر نۇش. ئەقل ــ جەھل تىرىغە سۇپەر، گۇمراھ ئېلىگە رەھبەر. ئەقل ــ دوست ئېلىگە مۇراسا، دۇشمەن خەيلىغە مۇدارا. ئەقل ــ جاھىللارنىڭ ھەلىمى، كۇفر ئېلىنىڭ بىمى. ئەقل ــ بىھەيا ئەلنىڭ شەرمى، نادان ئەلنىڭ فەھمى. ئەقل ــ بالىغ ئەلنىڭ ئىمانى، ئىمانلىق ئەلنىڭ ئىسلامى. ئەقل ــ بىداۋا دەردنىڭ داۋاسى ناسۇر رەنجىنىڭ شىپاسى. ئەقل ــ ۋەھشى خەيلىنىڭ بەندى، زەھرلىك زەبانىنىڭ قەندى. ئەقل ــ ئانداغ ئەقلىدۇركى، كۆڭۈل شاھىغا ۋەزىر ئۇلۇپ، رىيازەت رەنجىغە كوندۇرسە. ئەقل مۇھەببەت مۇرغىغە

پەرۋەرىش بىرلە بالۇ پەر چىقارىپ، فەنا ۋادىسىغە قوندۇرسە، بەشەرىيەت ئەۋسافىن ئۇنۇتتۇرۇپ، ئەسلىنى بىلدۇرسە؛ فەنا لەززەتىن بەقا مىھنەتىغە ساتسە، شەيتان لەشكەرىگە «لاھەۋلە» ئوقىنى ھەر نەفەسدە ئاتسە؛ جەھان زىباسىغە بەند بولغان تارلارنى مەرھەممەت بىرلە ئۈزسە؛ فەلەك گەردىشىدىن يەتكەن ئەلەملەرغە سەبر ئايىن ئىشلارنى مەرھەم قويسە؛ رۇزگار جەۋرىدىن ئۈزۈلگەن تارلارنى ئاخىرەت ئەۋسافى بىلە ئۇلاسە؛ «ئەددۇنيا سىجنۇل - مۇئمىنىن ۋە جەننەتۇل - كافىرىن»، كۆڭۈل زەڭگىنى تەقۋى بىلە ئارتسە؛ تائەت تەۋقۇسىنى گەردەنىغە سالسە، تەمەئ بويىنى دىماغىغە يەتكۇرمەسە ۋە دۇنيا ئىشىنى جەدەل بىلە بىتكۇرمەسە؛ [A9] نامەردلەرغە مەردلىق نىشانىن بىلدۇرمەسە، تەبئ شاھبازىغە زاغلارنى ئىلدۇرمەسە.

ئاقىل ئىلىگە نادان ئېلىنىڭ تاجى سەر قىلغانى مەرھەممەت ئەمەس، گۈل شاخىغە زاغ قونماق بىلە بۇلبۇل دېمەس. ئاقىل ئۆلدۇركى، دۇنيادىن كۆڭلىنى ساۋۇتسە، ئۆلۈم بارگاھىغە ئۆزنى ياۋۇتسە. دۇنيا تاپماق بىلە ئادەمنى ئاقىل دېمەس، ياخشى نېئمەت دەپ، نىجاسەتنى ئادەم يېمەس. ئاقىل ئۆلدۇركى، ئىمان شەجەرىنى كامىل قىلىپ بەر يېسە؛ دانا ئۆلدۇركى، كۆڭلىنى ھەققە ئۇلاپ سۆز دېسە. رىند ئەھلىنى سۆخەن كۆپ بىلمەك بىلە دانا دېمەس، دىل پاسبانى تىل بىرلە ھەمسۆھبەت ئولسە، ئاقىل ئەمەس. ئۆزدىن ئۆتمەي قىلغان ئاقىللىق — رىندلەر مەسلۇكىدا جاھىللىق. ئەمەل قىلماي قىلغان دۇئا[10] قەبۇل بولماس، قەزا قىلىپ قىلغان ئەمەل ۋەقتىغە داخىل بولماس. ئاقىل ئەھلى ئۆزىنى ئاراستە قىلۇرمۇ، فەراسەت بىلە پىنھان گەنجنى ئادەم بىلۇرمۇ؟ ئاقىل ئەقل ئىشلەتىپ ئالەمدىن قاچار، نائەقل ئۆزىنى تەۋسىف قىلماق بىلە سىرلارنى ئاچار. ئاقىل ئەقلى بىلە خۇدانى تاپار، نائەقل كىردارى بەد بىرلە رەھمەت ئىشىكىنى ياپار. ئاقىل ئەقل بىلە كۆڭۈللەرنى ئاۋلار، نائەقل خۇيى بەد بىرلە دوستلارىنى قاۋلار. ئاقىل ئەقلىغە ۋەھشىيلەر رام بولۇر، نائەقل سۆزى بىرلە كۆڭۈللەر غەم بولۇر. ئەقل — گەۋھەرىيدۇر، بىباھا، نائەقل تاش ئۇشاتار، ئەقل — سۇپەرىيدۇركى فۇلاد، نائەقل [A10] بىمەزمۇن ئوق ئاتار. ئەقل — گەنجىيدۇر، پاسبانى سەبر، قاراقچىسى تىل. ئەقل — شەمئىيكى پۇر زىيا، زۇلمەتى جەھىل. ياغى رىندلەر ۋە ساكىن قىلغۇچى ئەھمەق. ئاقىل ئۆلدۇركى، ئۆزىنى بارچەدىن كەم بىلۇر، نائەقل ئۆلدۇركى، ئۆزىنى ئەدھەم بىلۇر. ئاقىلنىڭ ئۇستىدە مەزەللەت گەردى، ئاستىدا خارا؛ نادان ئەھلى سۆخەنۋەرۇ مەجلىس ئارا. ئاقىل ئەھلى ئۆزىنى خار قىلماق بىلە، نائەقل ئەلنى ئازار قىلماق بىلە. شەھلىق ۋە لەتافەتلىقنى باقىي دېسە بولماس، ئاقىل ئەھلى ئۆلمەك بىلە ھەرگىز ئۆلمەس. دۇر نىجاسەت بولماق[11] بىلە بەھاسى تۈشمەس، تىللا پىنھان بولماق بىلە گەرد ياپۇشماس. ئاقىل ئەل ئىچرە رەد، تەڭرى قىلۇر پەرۋەرد. ئاقىل خار بولماقىدىن تەڭرى ئالىدە ئەزىز، ئاشىق خەيلىغە جەفا يەتمەك بىلە ئىشقى سىتىز. ئاقىل ئەقل بىرلە كەمالغە يېتەر، نائەقل جەھل ھادى قىلىپ نارى كېتەر. بەيت:

كى ئاقىل تۆرت سىفەت بىرلەدۇر ئۇستۇار:
بىرى ئۆتكەرۇر بەدنى، بىر خاكۋار.

بىرى خۇلقى خۇش، بىرىدۇر بائەدەب،
ئۇ تۆرت دۇر كىمدە، تەڭرىدۇر ئاڭا يار.

نىشانى ئەھمەق تۆرتدىندۇر بارى،
كى بىئەقل ئېلىگە جەھل ئلە گەبرى يار.

بۇ نادان ئېلىگە ئۇزايتمەك⑫ ، سۆز نە سۇد،
بۇ بىر شەمشىرى ھەر تەرەف تىزى بار.

خەتا ئۆتسە گەر ئەبدىيدىن، ئەي ئىلاھ،
كەچۈرۈپ ئانى ئەفۇ قىل، كىردىگار. [A11]

## ئىككىنچى فەسل تەۋبە زىكرىدە

تەۋبە ئانداغدۇركى، تەڭرى قەھرىدىن ئۆزىنى ئۇنۇتسە، ۋە جەھل شەرابىنى ئەسەل ئورنىغە يۇتسە؛ مەئسىيەت جاڭگالىغە ھەسرەت ئاتەشىنى قالاسە، نەدامەت ئەخكەرىدە كۆڭۈل ئايىنەسىغە سەيقەل بەرسە؛ ئەشك تۇفانىدىن ۋۇجۇد مىئمارىنى بۇزسە، جانى ئەزىزىنى جەفا مەيدانىدە جەۋلان قىلدۇرسە، ھىممەت بۇراقىنى رىيازەت ۋادىسىغە پۇيە ئۇردۇرسە، ماسەۋەللاھ رىشتەلەرىن ئۈزسە؛ كەچە بولۇرىنى ئۆلۇم يەتتى دەپ ئىبادەت بىرلە ئۆتكەرسە؛ تاڭ ئاتارنى سۈبھى قىيامەت دەپ ئاگاھلىك بىلە كەچۈرسە؛ كۆز ياشى بىرلە تەھارەت قىلسە، شەيتان لەشكەرىنى ھىممەت بىلەن غارەت قىلسە. ئانداغ تەۋبەئى تەۋفىقنى ھەر نامەردغە ئەتا قىلماس، ئانداغ مەردلەرنى نامەرد ئەھلى بىلمەس.

تەۋبە ــ ئافتابىيدۇر، كۆڭۈل ئالەمىنى مۇنەۋۋەر قىلۇر؛ تەۋبە ــ مۇرغدۇر، كۆڭۈل بەيزەسىنى ئاگاھلىق بىلە پەرۋا قىلىپ ئۇچۇرۇر. ئەقل فەلەكىدە تەۋبە قۇتبىدۇركى، تەڭرى يولىنى ئانىڭسىز بىلمەك ئىمكانى يوق. تەۋبە ــ تۇفانىدۇركى، ھەۋا قەۋمىنى ھەلاك قىلۇر؛ تەۋبە ــ رەيھىدۇركى، شەددادى نەفس لەشكەرىنى بەرھەم بىرۇر.

مۇنداغ تەۋبە كىشىدە يوق، ئۇل مۇئمىن يوق؛ ھەر ئادەمدە سىفەتى مۇئمىنلىك يوق، ئىمان يوق. ھەر ناجىنس تەۋبەگە لايىق ئەمەس، ھەر كىمدە بىر مۇئمىنلىكتىن بولسە تەۋبەلىكتە دىمەس. ئاغىز تەۋبەسىغە تەن [A12] كۆنمەس، دانەسىز يەردىن گىياھ ئۇنمەس. تەۋبە قىلماي تائەت قىلساڭ ئەمەل بولماس، تۇبسىز⑬ جامغە سۇ قۇيماق بىلە تولماس. تەۋبە ئۇتى گۇناھ سۈيىدىن ئۆچەر، ھەمسايە سانجىق سۆز بىلە كۆچەر. تەۋبە ــ گەۋھەرىيدۇر، رىيازەت دەرياسىغە غەۋغاس بولسا ئالۇر؛ بەندە جانىدىن كەچمەسە، بۇ شەرەفلىك دۇرنى ئالماي قالۇر. فەنا بولماي تەۋبەدىن بەھر ئالماق ــ مىرى شىكارىيدۇر، قۇشنى ئالغان ھامان سالماق. جانۇ دىلدە تەۋبە دىمەي بەھرە يىمەك ــ دەرياغا كىرىپ قۇرۇق بولسام دىمەك. سۇسىز دەرەخت بەر بەرمەس، بىرىيازەت قىلغان تەۋبە كار ئېرمەس. تەۋبە روھ جانۋەرىنى قاناتىدۇر، مەنزىلغە يىتەر؛ بىتەۋبە تائەت ــ سەمەندىيدۇر، گىران بار قايانغا كىتەر. تەۋبە ــ نەخلىيدۇر، ئىئتىقاد ــ بىخ، ئىبادەت ــ شاخ، مىۋەسى ــ خۇلق، يافراغى ــ تەقۋا، ۋە پەرۋەرىشى ــ سەبر، ۋە سۇيى ــ ھىممەت، تەبەرى ــ جەھل، شاخنى سىندۇرگۇچى ــ مەئىشەت، ۋە يافراغىن تۆككۈچى ــ كۆپ يىمەك ۋە كۆپ دىمەك، مىۋەسىنى تۆككۈچى ــ نادانغا ئۆزىنى قاتماق، پەرۋەرىشىن

قەتلى ــ شۇبھەدىن پەرھىز قىلماسلىق، سۆيىن قۇرۇتقۇچى ــ كاھىللىك.

[ بەس ]⑭، تەۋبەسىز تائەت ــ مەتائىيدۇركى، خەرىدارى يوق؛ يا گەنجىيدۇركى، ئاچۇق. تائەت ــ شاخىيدۇر، تەۋبە ــ ئەسل، تائەت ــ ئارزۇدۇركى، تەۋبە ــ ۋەسل. تەۋبەسىز رىيازەت بىرلە كۆڭۈلنى يارۇتماق ــ خەزان كەلمەي، سۇسىز، باغنى قۇرۇتماق. تەۋبە ــ گەۋھەرىيدۇر، سەدەف ــ ئاگاھلىق، ئانى قوينىغە ئالۇر. [A13] خەۋفۇ ۋە رىجا ــ دەريائىيدۇركى، تېگىدە جا تاپار.

ئىنساف ــ ئابى نەيساندۇركى، ئانىڭدىن پەيدا بولۇر، ھەر كىمدە ئاگاھلىق يوق، ئوغرلىق؛ ھەر كىمدە [خەۋف ۋە ]⑮ رىجا يوق، قۇرۇق دەشت. ھەر كىمدە ئىنساف يوق، زىيا يوق.

بەس، تەۋبە ئولدۇركى، ئۆزىدىن ئۆزگەنى ئونۇتسە، ۋە تىلىنى سەبر تىغىدىن تىلسە، ۋە كۆڭۈل كۆزىنى دەرگاھىدىن يىراق قىلماسە، ئۆزلۈكدىن ئۆتۈپ، ئەسلىغە يانسە؛ فەنا كوچاسىغە قەدەم قويسە، ۋە نەفس كۆزىنى تەقۋا خەنجەرىدە ئويسە؛ فەنا مۈلكىنى ۋەيران قىلسە، ۋە بەقا مەنزىلىنى سەيران قىلسە. بۇ تەۋبەنى تەۋبە دېسە بولۇر. «ئەتتايىبۇ مىنەز ـ زەنبى كەمەن لا زەنبى لەھۇ» بۇ تەۋبەنىڭ شەئنىدەدۇر.

كۆلفەت تارتماي، مەنلىك كەتمەي، ئالەمدىن كەچمەي، تەۋبە يەتمەس؛ رىيازەت چەكمەي، فەنا بولماي، مەقسەت بىتمەس. تالىبدا بۇ خىسلەتلەر مۇۋافىق بولماسە، تەڭرى مەھبۇب ئەتمەس. تەۋبە ــ فەنا مۈلكىنىڭ شاھى، رۇھ جانۋەرىنىڭ ئارامگاھى؛ ئىبادەت بوستانىنىڭ گۈلى، رىيازەت غۇنچەسىنىڭ بۇلبۇلى؛ شەباب ئېلىنىڭ⑯ گىريەسى، پىر⑰ ئەھلىنىڭ ئەندىشەسى؛ مۆئمىنلارنىڭ ئارزۇسى، ۋە سىردان ئېلىنىڭ دوستى، شەرىئەت ئېلىنىڭ ئامىلى، تەرىقەت خەيلىنىڭ كامىلى؛ ھەيا ئېلىگە پەردەپۇش، مۇھەببەت خەيلىغە بادەفۇرۇش.

بەس، ھەر كىمدە بەش ئىش بولسە، تەۋبەلىغ دەر؛ بۇ سىفەتدە بولماق كېرەك. [تەۋبەلىغ ئەر ]⑱ بەيت:

تالىبا، [A14] ھەق يولىغە قىل تەۋبەنى سەن راھبەر،
بولماسە بەش ئىش سېنىڭ⑲ تەۋبەڭدە، كۆپ باردۇر خەتەر.

بىرى ئىلمۇ بىرى ھىلمۇ، بىرىدۇر قىلماق ئەمەل،
بىرى قىل خەيرۇ سەخاۋەت، بىرى بەد سۆزدىن ھەزەر.

ئەۋۋەلا قىل تەۋبە، ئاندىن تەڭرىنى يولىغە كىر،
تاكى كۆندىن كۆنگە قىلغان ئىشلارىڭ رەۋنەق تاپار.

ئىئتقادۇ تەۋبەسىز مىڭ يىل ئەمەل بىسۇددۇر،
ياغسە باران، بولسا كۆز چۇن ئول زىرائەتقە زەرەر.

ئەبدىيا، قىل تېز تەۋبە، تەن خەتاسى كۆپتۇرۇر،
تەڭرى تا ئۆتمەي خەتا، نەخلىڭدە بىتكەيمۇ سەمەر.

## ئۈچۈنچى فەسل سەبر زىكرىدە

سابىر ئۇل كىشىدۇركى، جەھل دەرياسىنى يۈتۈپ، راھەت بوستانىدىن مېھنەت ۋادىسىغە قەدەم قويسە، تەن رەنجىغە «ۋا» دەپ، ئۆزنى يۈپاتماسە؛ دىل زەخمىنى بەيان قىلماق ئۈچۈن، نادانلارغە ئۆزنى قاتماسە. جەفا ئالماسى سانىغە⑳ تەگسە، دىل بىلمەسە؛ غەم خەنجەرى يۈرەكنى يارا قىلسە، تىل بىلمەسە.

سەبر ئۇلدۇركى، دىلگە تىلنى ئەغيار ئەتمەك، ئەغيار جەفاسىن چېكىپ، يارغە يەتمەك. سەبر ئۇلدۇركى، تەن راھەتىنى جان راھەتى ئۈچۈن تەرك قىلسە، كۆڭۈل تىرگۈزۈپ، ھۆجۈدىنى مەرگ قىلسە.

سابىر سانجىق سۆزگە مۇلايىم پىشە، ئالەم جەفاسىن قويۇپ ئاخىرەت يارانغە ئىشى ئەندىشە. سابىرنىڭ㉑ سۆز شەكەرىدىن تىلى يۈز پارە، تېنى نادان خەنجەرىدىن يۈز مىڭ يارە. ئالەم غەمى سابىر كۆڭلىدە يوق، ھەر ئىشنى ئىرادەدىن بىلسەڭ㉒، كۆڭۈل توق؛ خاجە ئەمرىغە [A15] قولدا چارە بارمۇ، قىلماسە؛ نىچۈك سابىردۇر، تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆزنى بىلمەسە. سەبر ئەھلىغە جەبرۇ مېھنەت ئوتى تۇتاشماق㉓ بىلە كۆيمەس، ھەم نادان ئەل تولا سۆيمەك بىلە سۆيۈنمەس. سۆز گەۋھەرىن ساچماق بىلە دىل تىيرە بولۇر، مېھرگە مەردۇم تۇشمەك بىلە خىيرە بولۇر. مەرد ئىشى سەبر ئاتىغە مىنىپ، تىل بىرلە جەڭ قىلۇر، بىسەبىر جەفا يەتسە يۈز مىڭ فەسادلارنى بىلۇر. سابىر ھەم رازى تەڭرىدىن، جەفا يەتسە؛ خەۋف ئوتى بىلەن كۆيمەكتىن، ئەقل كەتسە. سابىرنى مېھنەت ئوتى كۆڭلى زەنگىن ئارىتۇر، بىسەبىرغە ㉔ كۆلفەت يەتسە، ھەسرەت ئوتى [بىلە] ئۆزنى قارىتۇر. سابىرغە كۆلفەت بالدۇر ئۈچۈرۇر، بىسەبىرلەرنى جەفا دىندىن كەچۈرۇر. سابىرغە سانجىق سۆز نەغمە ساز، بىسەبىر تەلخ سۆزدىن كىبىر ئاغاز. سابىر ئەھلى — دەرەختىيدۇر، مىۋەلىك، ئۈزمەك بىلە بەر بېرەر㉕، بىسەبىر — يىلاندۇر، پەرۋا قىلسە نىش ئۇرار. سابىر ئۆزى زەخم يېسە، بىراۋغە مەرھەم كۆرسەتۇر؛ بىسەبىر ئۆزىنى شادلىغ كۆرسە، ئەلگە غەم كۆرسەتۇر. سەبر — تۇخمىيدۇركى، ئەقل — دېھقان ساچار؛ ھىممەت — غەنىيدۇركى، كەرەم ئىشىكىنى ئاچار. بىسەبىر جۇئىيدۇر بىبەسىر، تەمەئ يول باشلار؛ ھەيا ۋە شەرم ۋە ئىنساب ئاندىن قاچار. سەبر — گەنجىيدۇر، ئالماق بىلە تۈگەنمەس؛ بىسەبىر — جاڭگالىيدۇر، ئاز ئوت بىلە بەرھەم بېرۇر㉖. سابىر — ئۇل كىشىدۇركى، تىش تاغىغە تىلنى باستۇرسە، ۋە نەفس ئىتىنى قەنائەت [A16] دارىغە ئاستۇرسە؛ تەن گەردىنى تەۋازى بىلەن ئارىتسە، كۆڭۈل زەڭگارىنى تەقۋا بىلەن يارۇتسە؛ فەلەك زۇلمىغە ئىڭرانماسە، تەۋەككۇلدىن ئۆزگە يولغە ئەمگەنمەسە؛ نادان زەخمىغە ھەلىملىك مەرھەمىنى قويسە، ھەۋا كۆزىنى نابۇدلىك خەنجەرىدە ئويسە؛ كۆڭۈل جەبرىغە تەن تەبرەنمەسە، غەم قافى㉗ كېلىپ تەگمەك بىلە ئىڭرانماسە.

نەچچە ئىشلاردىن سەبر كېتەر، بىسەبىرلىك بىلە كۇفرغە يېتەر. سەبر — شاھبازىيدۇر، مىر شىكارى — ئىلمۇ ئەمەل، ھەۋا قۇشلارىنى ئۆلتۈرۇر. سەبر — پادىشاھىيدۇر، قەنائەت — ۋەزىر، ۋۇجۇد شەھرىنى ئارەستە قىلۇر؛ سابىر ئەلنى كۆز تانۇماس، كۆڭۈل ساپ بولماسە؛ بۇ خىسلەتتىن مۇيەسسەر بولماس، ئۆلمەيىن ئۆلمەسە.

سابىر بولاي دېسەڭ، زۇلم چەك، تەقۋا قىل؛ ئابىد بولاي دېسەڭ، ئىلم ئوقۇپ، ئەمەل قىل. سابىر㉘ تىغ بەرسە، مەرھەم بىرۇر؛ ئەلگە شادلىق، ئۆزىگە غەم بېرۇر. سابىر — سەيياديدۇر [كى] ㉙، جەھل قۇشلارىنى ئاۋلار، سابىر رەنجى ئىسيان غۇبارىنى قاۋلار.

سەبر — بارانىيدۇر، رەھمەت سەھابىدىن سەبزەزار ئېتەر؛ سابىر ئەلگە㉚ كىم ئەنىس㉛ تۇتتى

مەقسەدىغە يېتەر. سابىر ــ تاغىيدۇر، ئىمان ــ لەئل. سەبر ــ بەھرىيدۇر، ئىمان ــ گەۋھەر؛ ھەر كىمدە سەبر يوق، ئىمان يوق. ھەم بىيدىن؛ سەبر ــ ۋادىئىيدۇر خارۇزار، بارچە كىينەۋۇكىن. ھەر كىمدە[32] ھىممەت بولماس، سەبر قەرار تاپماس. كەۋكەب يۇزىنى مىھرى بولماي ماھ ياپماس[33]. تاغ ئۇلماي يەر ئۇزرە سۇ تۇرارمۇ، سەبرسىز كۆڭۈلدە ئىمان يۇرەرمۇ؟ ئىمان تاپاي دېسەڭ، سەبر ئۆتكەر؛ مۇھەببەت [A17] ئالاي دېسەڭ، جەبر ئۆتكەر. كەسىر ئوت قەلىل سۇ بىلە ئۆچەرمۇ، شامال بولماق بىلە تاغلار كۆچەرمۇ؟ سەبر ھىممەت بىلە بەرقەرار، نەمىقدار دەريا ئالدىدە نار؟ ئاجىز تەجەللىي ئالدىدە كوھ، ئەلەم ھىممەت ئالدىدە مەجرۇھ.

سابىر تىشى بولسە ھەم نەر، بىسەبىر نەر بولسە ھەم خەر. سابىردا سەككىز سىفەت بار، سەبر ئەھلى بولسە بەرقەرار. بەيت:

سابىر ئەھلى بىتەكەببۇر ئالەم ئىچرە خاكۋار،
بۇخل ئىلە غەيبەت، ھەسەددىن قاچمىش [ ئول ] [34] لەيلۇ نەھار.

ھىرسى دۇنيا، زۇلم ئېلىگە يوقتۇرۇر ھەم كىينەسى،
قىلماس ئازارى دىلۇ ئەيلەر تەمەئ نانىدىن ئار.

ئەي سۇخەنۋەر، كىر سۇخەن بازارىغە، ئال نەقدى جان،
لەئلۇ ياقۇتۇ جەۋاھىر ئالدىغە ئالماقغە بار.

ئەبدىيا، دىل تارىغە سۆز گەۋھەرىن تەر، قالماسۇن،
ئەھلى ھەق كۆرگەچ، سۆزىڭدىن قىلماسۇنلار تاكى ئار.

## تۆتىنچى فەسل  جىزب زىكرىدە

جىزب ئەھلى ئانداغدۇركى، رىيازەت يۇكىدىن قەدى خەم، ۋەسل ئارزۇسىدىن دىيدەسى نەم؛ ھىجران ۋادەسىنى كېزىپ ھارىپ، ئىشتىياقىدا ھەر نەفەس مىڭ يىل بولماق بىلە قارىپ؛ غەم تۈنىدە شەمئى ۋىسالىن كۆرۈپ يېتەلمەي، تەن زىندانىدىن جان مۇرغى ئۇچۇپ كېتەلمەي؛ جانان [دەردىنى ][35] ئايتۇرغە مەھرەم تاپماي، ئەھزان كۆلبەسىدە ھەمدەم تاپماي؛ ھەيات باغىدا خەزان كۆرۈپ، ئۇقبا سەفەرىدىن كۆكسىدە قان كۆرۈپ؛ فەلەك گەردىشىدىن يۇز مىڭ مېھنەت، دەۋران [A18] بىۋەفالىغىدىن تۈمەن كۇلفەت؛ بىھۇدە ئۇمر ئۆتكەنىدىن ھەيران، دىلبەر نامېھربانلىقىدىن سەرگەردان؛ خانەقەھ زىكرىن قىلماغانىدىن بىخۇش[36]، مەيخانە ئەھلى بولماغانىدىن زېھنى فەرامۇش؛ سەنئەتىدىن دىل ۋەھىمناك، جانان قەھرىدىن سىينە چاك؛ لۇتف ئۇمىدىدە مەسكەنى چۇغزدەك ۋەيرانە، ئەقل مەي مەخمۇرىدىن ھەيرانە؛ جۇنۇن ئەتفالى تاشى ئاستىدە دىۋانە، كۆزى مۇھەببەت نەشئەسىدىن مەستانە؛ فىكرۇ خەيال سەنەم تەرەف كەتمەك بىلە ئەقلى زايىل، جەمال كۆرگەلى دۇنيايى دۇن بىلە ۋۇجۇد ھايىل؛ بۇ ھەيندە قەفەسنى سىندۇرۇپ، رۇھ جانۋەرىنى جانان سارى ئۇچۇرسە.

جىزب دېسە يېرى بار، ھەر كىم بۇ ۋاقەئەلەردىن تاقەت تۇتماي[37] ئۆزىن ئۇرسە سەزاۋار. ھالەت ئۇلدۇركى، ئىسيان ۋە غافىللىغدىن ئاگاھ ئەتسە؛ جىزب ئۇلدۇركى، جەھاندىن كېچىپ،

جانانغە يەتسە. ھالەت ئۇلدۇركى، يۈرەك قاننى كۆزدىن تۆكۈپ، كۆڭلەكنى قىلسە لالەزار؛ جىزب جەھان مۈلكىدىن كەچۈرۈپ، فەنا ئەھلىگە قىلسە يار. ھالەت ئۇلدۇركى، ھەر ئۇيقۇدىن بىدار ئەتسە؛ جىزب ئۇلدۇركى، كەۋنەيندىن كەچۈرۈپ ئۆز تەرەفىغە كەتسە. ھالەت — سەھاب، جىزب — باران، شەباب — بەھار؛ ھالەت — زەۋق، جىزب — شەۋق، ئىشق — يار. ھالەتسىز جىزب — مېھرسىز گىياھ، جىزبسىز ئىشق — خۇرشىدلىك ماھ؛ ئىشقسىز ۋەسل — ھەۋالىك تەبا.

ھالەتسىز ئەلنى جازىب ئەھلى دېسە [A19] بولماس، ھەۋا نەھەڭگى بۇ ئىككى ئەژدەرسىز[38] ئۆلمەس. ھالەت — ھادى، رىيازەت[39] تۇشە، جۇنۇنغە ئىلتەر؛ يوق ئۇلسە، مەنزىلىك تومەن ئىسيان بولۇپ، مۇھەببەت مېھرى كېتەر. جىزب ئەھلى — كىمىيايدۇر، خاكنى ئالتۇن قىلۇر؛ خەرابات ئېلى — سەررافدۇركى، بۇ كىمىيانى بىلۇر.

فەنا بولماي بولغان جىزب شەيتانىي، ھالەت جانان مەخمۇرى بولماسە، يوق رەھمانىي.

جازىب ئەھلى فەنا كۇنجىنى مەكان تۇتار، ماسەۋادىن[40] ئۆتۈپ، مۇھەببەت مەستىدىن ئۆزىن ئۇنۇتار؛ تەن زەخمىدىن خەبەرسىز، بەشەرىيەتلىكدىن ئەسەرسىز؛ سۇرەتى ئەلگە دېۋانىۋەش، شەرق شەرابىغە لىسانىدە ئەلئەتەش؛ كۆزى دۇنيا جىلۋەسىغە بەسىر، قارنى جەھان لەززەتىدىن سەير؛ كامى مۇھەببەت مۇھرىدىن بەند، كۆڭلى سەنەم زۇلفىغە پەيۋەند؛ ئىلكى نەفس خاھىشىغە كوتاھ، ئاياغى دۇنيا سەيرىغە[41] كەمراھ[42]؛ جانى دەۋران رەنجىدىن زەلىل، جىسمى مېھنەت ئوتىغە خەلىل. ئانداغ ئادەمنى شەرىئەت ئېلى ئادەم دېمەس، ھەۋا ئالىملارى ئانىڭ بىلە تەئام يېمەس؛ خىشلار قىلغاي ئار، دوستلار ئانىڭ بىرلە ناسازۋار؛ مۇتتەقىيلەر تەبئى ئاندىن نەفرىن، زاھىتلار دەرلەر بىدىن.

جىزب ئەھلى ئەلدىن مەردۇد، خالىق مەنزۇرىدا بىھبۇد؛

ھالەتلىك ئەلنىڭ خورەكى — غەم، لىباسى — مەلامەت؛ ئەلدىن يېتەر باشىغە تاش، ئاياغىغە ئالەت.

جىزب ئەھلى — جانىۋەرىيدۇر، قاناتى سىنۇق؛ كېسەك [A20] ۋە تاش تېگەر؛ جىزب ئېلىنىڭ[43] بەختى قارا، ئافەت كارىگەر.

مۇنداغ ئەلنىڭ كىردارىنى رىند ئەھلى قەبۇل دەر، نائەقل — بۇرۇنسىز ھەيۋان، ھەر نېمەرسىنى يەر.

زاھىد دۇنيا تىلەمەكدىن ئۆزنى ساقلار، جىزب خەلقى ئاۋارەلىكدىن دۇنيا ئەسبابىنى تاشلار. ئادەم ھاۋۇ[44] ھەۋەس فەنا بولماس، دۇنيا لەززەتىن تەرك قىلماي كۆڭۈل ئۆلمەس.

جىزب ئەھلى ئۆلمەكدىن ئۆلمەكدۇر[45]، زۇھد[46] ئېلىنىڭ مەخسۇدى بولمەكدۇر. زاھىر ئاراستەلىك [بىلە][47] كۆڭۈل تۇز بولماس، زاھىر ۋەيران بولمايىن كۆڭۈل ئۆلمەس. نەزم:

رەددى خەلق ئۇلماي كىشى مەخبۇلى ئەللاھ بولمادى،
زاھىرىن قىلماي فەنا، باتىندا كۆڭۈل ئۆلمەدى.
ئەي خىرەد، جازىب ئېلى بىدار دىل، كۆز خابناك،
تۇزمادى[48] گۇل باغىدىن تا غۇنچە، ئەي دىل، كۇلمەدى.

جىزب ئېلى زاھىر خەراب، دىل بىدار؛ زاھىدلار زاھىرفاك، دىل مۇردار. جىزب ئەھلى ئوت، ئاھەن[49] مۇم قىلۇر، زاھىد سۇ[50]، ئوتنى گۇم قىلۇر. جىزب ئەھلىگە ئاداب ئۆرگەنمەي قاتىلمە، ئۆزۈڭ كۆچ بىلە باتىن ئوقىغە ئاتىلمە. جىزب ئەھلى — ئالماسىدۇر، گۇستاخلىغدىن ئىمان كېتەر؛ ئاداب بىلە قاتىلغان مەقسەدىغە يېتەر. قايناماقدىن قاچان ئاش[51] پىشمادى، مۇھەببەت ئېلى جانان ھەرەمىغە تۇشمەدى. جىزب ئېلى كۆڭۈل مەنزىلىنى ئاباد قىلماق ئۈچۈن ئەسباب تۈزەر، ناھەمۋار ئىمارەتلەرنى خۇلقى بەد [بىرلە] [52] بۇزار. جىزب ئېلىدىن نان تەلەپ قىلساڭ، جان بېرۇر؛[A21] زاھىدلارنى كۆرسە

قەبىھ سۆز بىرلە ئەرمان بېرۇر. ھەر زاغ گۈلغە مەھرەم ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلى سىرنى ھەر كىمگە دېمەس. ئەدھەم بولماي سۆز دېمە، تىرىك ئۆلمەي ئۆز دېمە.

جەزب ئەھلىدىن ئازۇردە بولماق، سايەدىن مەدەت تىلەگەنگە ئوخشە. جەزب ئېلىگە نادان كۆلفەتى كار قىلماس؛ بەرقتىن ئوت ئۆلۈمدىن نىجات تىلىمەك بىلە بەرمەس. جەزب ئەھلى خەرابات ئەھلىگە ھەمسايە، ساقىي ئالدىدە مەيخانە شەمئىغە پايە.

بەش ئىشتىن جەزب ئەھلى دېسە بولۇر، مۇھەببەت نىشانى ئانىڭ زاھىرىدىن كۆرۈنۇر. بەيت:

ئىقبالى جەزب تاپقالى، ئەي دىل، بۇ يولدە بار،
بەش ئىش بارەسىدە[53] بولا كۆر ئەمدى بەرقەرار.

ھەر جان كۆرۈنسە جانۇ دىلىڭ بىرلە بەندە بول،
شايەد يولۇقسا رەھم ئىلە ئول ماھى شەھسەۋار.

تائەتنى قىل، بىلۇر ئۆزى، بەس[54]، سەن بىلمەگىل ئۆزۈڭ،
ھەر شەبدە ئەشكى ھەسرەتىينى ئەيلە نەۋباھار.

بارىڭنى بىر خۇدا يولىدا بولماسە ئەگەر،
دەرماندەلەرنى ئىزلەيۇ تاپ، بولغىل ئاڭا يار.

راھى دىگەرغە[55] ئەزم قىل، ئەي ئەبدىي، جەھد ئىلە،
جۇش ئۇردى رەھمەتىي، بۇ سۇخەن ئولدى كۆپ بەرار.

## بەشىنچى فەسل رەقس ۋە سەمائ زىكرىدە

سەمائ ئانداغدۇركى، ئادەم ئەمرىنى قىلماق بىلە كۆڭلىن يارۇتۇر؛ ۋە جەمال ئىزلەمەك بىلە رۇھ جانۋەرىنى ھارىتۇر. خەيالىدە كەچۇرۇپ يولنى ئۇزاق، ئۆرتەپ بالۇ [A22] پەرنى فىراق. ۋىسال ھەرەمى بۇ مۇھلىك كۆڭلىگە يىراق، جانان جەمالى[56] ئارزۇسىدە ئەفزۇن[57] ئىشتىياق. كۆڭۇل [كۆزى بىلەن] [58] ئالەمى سەمانى سەيران قىلۇر، تەفەككۇر بالىدە يەتتى قات يەرنى [ھەم] [59] پەرران[60] قىلۇر. ئىلمى ۋەھدەد كۆڭلىدە دەرجۇش، ئالەم ۋە ئادەم ئەقلىدە فەراموش؛ مۇھەببەت مەيىدە[61] بىھۇش، مەلەك تەسبىھىدە[62] گۇش. نەۋا لەھنىدە[63] جۇنۇن غالىب، مۇھەببەت مەغلۇپ؛ ئەقل ھەيران، زىھن ۋەيران، كۆز گىريان، تىل نالان. تەن بەزمىدە نامەۋجۇت، كۆڭۇل ۋىسالىدە مەردۇد، خەيال ئەقلدىن[64] نارى،[65] بول ۋەقىت ئىشتىياقى جەمالى جان، جانان سارى پەرۋاز قىلۇر، كۆڭۇل ھەم ئانىڭ ئارقەسىدىن ئاغاز قىلۇر. تەن تاغى شەۋق نۇرىدىن تەبىرەنۇر، بۇ ئۆسرۈكلۈكدىن جىسمى ھەريانغە يۈرۈر. بۇ قەفەس سىنماغاندىن، كۆڭۇل ۋەسل تاپىپ تىنماغاندىن ھوش كېتەر؛ بۇ مەرتەبەئى ئەئلا بىلە مەقسەدكە يېتەر. بۇ مەرتەبەنى سەمائ دېدىلەر، بۇ مەراتىبدە مۇھەببەت جامىدىن بەردىلەر. بۇ تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئاخىرىي مەقامىدۇر، بارچە مەرتەبەنىڭ تەمامىدۇر. بۇ سۇلۇكتىن ئالىمىي بەدلەر بىبەھرە. بۇ ۋەقىت سەمائىسىز جان كېتەر، زاھىر بىنلەر كۆڭلىگە يۈز فاسىد خەيال يېتەر. جان سەييادىنى يۇفاتماققە باھەنە سەمائ،

يوق ئۇلسە، رۇھ جانۇەرى نې قىلۇر ئىجتىمائ؟ ئول ئەل سەمائىيدا جان تەبرەر ۋە ھەم ئەرش، بۇ ھالەتدىن ئاسمان ۋە ھەم فەرش. نەچچە كامىللار ئارزۇ قىلىپ [A23] بۇ يەرگە يەتمەدى، ماسەۋەللاھ كەتمەيىن بۇ ئىش بىتمەدى. بۇلبۇل ئەھۋالىن زاغ بىلمەس، زاھىد ئەھلى بۇلارنى كۆزگە ئىلمەس. نادانلار ئۆزىنى دانا[66] تۇتۇپ [بۇ ئەلنى] تەئەسسۇف قىلۇر، قاچان قال بولماق بىلە، ھال ئىلمىنى بىلۇر. قال ئەھلى فەنا بولماي ھال تاپماس[67]، تا ئەمەل قىلماي ئىش بىتمەس. رىيالىق كۆڭۈل ھەۋانىڭ ئۆيى، ھەۋالىق ئىلىم زەھەرنىڭ سۇيى. دىل زىكرى فەنا تاپار، تىل تەسبىھى رىيا تاپار. شەككەر دېمەك بىلە ئاغىز چۇچۇرمۇ، كېمەسىز ئەل دەريا كېچۇرمۇ؟ ئەسەلنى بىر يېمەك بىلە ئۆمر ئۆتەرمۇ، ئەمەل بىر قىلماق بىلە خۇداغە يېتەرمۇ؟ تەن سۆزى بىرلە بولسە ئول[68] ئۆزى بىلە بولۇر. جەفا چەكمەك بىلە، غەزەپ يۇتمەك بىلە، ھەۋا ئۆلۇر. يامغۇر ياغماق بىلە تاش خەتى ئۆچمەس، ياخشى ھېكايىلەر بىرلە رىيا كۆڭۈلدىن كۆچمەس. سۇرەت بولماق بىلە ئادەم دەرمۇ، فەنا بولماغان سۇرەت ئەرمۇ؟ ئىلىم بىرلە ئەمەل قىلماغان ئۆلۈكدىن بەتەر، ھەۋا بىرلە نەفسىنى دېگەن بىدىن كېتەر. دانالار قاناتى نادان ئەلەمى، كۆڭۈل لەۋھىن [بۇزار] زەبان قەلەمى.

كۆرۈپ قىلماغان ئەھمەق ئەمەسمۇ، كۆرمەي بىلمەگەن نادان دېمەسمۇ؟ قىلماي سۆزلەگەننى يالغان دەر، قىلىپ قىلماغان دانا ئەر. بىلىپ بىلمەگەن خىرەددىن نىشان، تانىپ ئىزلەگەن ھۇشدىن نىشان. ئىشقىسىز نەدامەت بارانسىز ئەلامەت. [A24] قۇرۇق شاخنى سەمەر دەپ قاقماغلىغ، ئەمەل قىلماي رەھمەتغە باقماغلىغ. مىڭ رىيازەت چەكمەك بىلە سەمائ مەرتەبەسىغە يەتمەس، مۇھەببەت جامىنى تولا ئىچمەسە، فەنا مەيخانىسىدە رىيا كەتمەس. مەرتەبەئى سەمائ رىيايى شەيخلەرگە مۇمكىن [ئەمەسدۇر]، ئالارنىڭ زاھىدى شەيخ نەما، باتىنى كىينەۋۇكىندۇر.

شەرىئەت ئىچرە سەمائ ھەرام، ھۇش بارىندە بۇ رەۋىشنى قىلغان خام. خىرەد بىرلە سەمائ نادانلار دامى، گۇمراھلارنىڭ بۇ ئەفئال رامى. گۇمراھ شەيخنىڭ باش تەبرەتمەكى تەمەئ ئىماسى، مەكر ۋە فۇسۇنگەرلىك سيماسى. قىملداماغى شەيتان زەخمىدىن، گىريە قىلماغى ئىززەت ۋەھمىدىن. ھۇش كەتكەنى ئەل ئەلەمىدىن ۋە ئۆزىن ئۇرغانى نەفس غەمىدىن. ئۆزىن ئارىق دېمەكى زەر ئۈچۈن، ئانىڭ سۆزىگە ھەر كىم ئىنەنۇر خەر ئۈچۈن. ئېگىز گىريەسى ھەيز، نادانلارغە كۆرۈنۇر فەيز. شەھر بەشەھر يۈرگەنى نەفس ئىتى، مۇھەببەت قىلغانلارى ئانىڭ بۇتى. ئىززەت تەلەب بولغانى خارلىق، ياخشى كۆرگەن مۇرىدلارى يارلىق[69]. خۇلقلارى مۇرىد كۆپەيتمەك، رىيا ئىشلارىنى ئەلگە ئەتمەك. زىكرلەرنىڭ نامى ئەررە، خۇدادىن لەززەتلەرى يوق زەررە. كەشفلەرى شەيتانىي، خەلققە تەئبىر دېگەنى يالغانىي. جەھان لەززەتى بىلە مەست، گەزافلىق بىلە ئۆزىنى دەر مەيپەرەست. ۋۇجۇدىدا يۈز مىڭ دام، شەيتانۇ نەفس ئاڭا بەرمەس ئارام. بىتاقەت بولۇپ قوپماقلىغى شەيتان زەربىدىن، ھەر تەرەف [A25] قاراماقلىغى نەفسىنىڭ ھەربىيدىن. مۇنداغ ئەل شەيخلىق دۇكانىنى قۇرار، پەرىشتەلەر لەئنەت تاشى بىلە ئاغزىغا ئۇرار.

شەيخ ئۇلدۇركى، ئالەمدىن كەچسە، سەمائ ئۇلدۇركى، شەۋق شەرابىنى ئىچسە؛ رىيازەت دەرياسىغە چۆمۈپ دۇرنى ئالسە؛ سەمائ ئۇلدۇركى، لامەكانغە پەرۋاز قىلىپ مەكان قىلسە. شەيخ ئۇلدۇركى، شاھلىق نىسبەتىن گەدالىقغە ساتسە؛ سەمائ ئۇلدۇركى، مۇھىت دەرياسىغە پاتسە.

سەمائنى ئانداغ ئادەم قىلۇركى، مۇھەببەت ئوتى بىرلە كۆيۈپ، ۋۇجۇدىدىن نە ئەسەر، ۋە نە خەبەر تاپالماسە. شەۋق نەسىمىدىن ئول گەرد ئايلانسە ئەجەپ ئەمەس؛ رىيازەت بەرقى كۆڭلىگە تۇشۇپ، تەن چۇن سەھاب جۇنبىش قىلسە ئەيب دېمەس. خەتەرات تاغى ئۇنۇق ئۇزرە بولسە ھەرەكەت قىلماس،

خىرەد ئەقەبەلەردىن ئۆتمەي تەبرەنمەكنى بىلمەس. دەير ئەھلىگە قوشۇلماق بىلە مەي ئىچمەس، ئاشىق بولماق بىلە جاندىن كەچمەس. ساقىي مەي بېرۇرمۇ، ئابكەش بولماسە؛ ئاشىق نامىن ئالۇرمۇ، ئۆلمەيىن ئۆلمەسە.

سەمائ ئاشىقنى ئاخىرقى⑰ مەقامىدۇر، فەنا بولماي قىلماس؛ زاھىد ئەھلى سەمائ رەۋشىنى بىلمەس. بىر رىۋايەت مۇنداغ ھەرەكەتكە غۇسلى ۋاجىب بولۇر. سەرىھ بولدۇركى، رۇھ جانۋەرى ئۆلۇر. بەس، بۇ يولنى كۆپ ئارزۇ قىلىپ يولدىن تايدىلار، شەيتانۇ ھەۋا تېغى [A26] بىرلە كۆڭۈل جانۋەرىنى سايدىلار. نە ياخشى توغرى يول ئەمەسمۇ، ئۆزنى كەم تۇتماق، ئالەم لەززىتى ھاۋاۋۇ ھەۋەسنى ئۇنۇتماق؛ شەرىئەتكە قايىم بولماق، ئاغىز ئاچماسلىق بىرلە سايىم بولماق؛ ئۆزىدىن ئۆزگەنى ئۇنۇتماق، بۇ فەلەكنى ناپايىداردىن قانچە زەھر كەلسە يۇتماق. شەرىئەت پىرىنىڭ دەرگاھى سەئادەت، يادى پەرۋەردىگار، نە ياخشى شەرافەت.

سەمائ يولىنى پىرى مۇغاننى تاپماي تانۇماس، كىم ئول پىر خىزمەتىن قىلماي تەمائ قىلسە فىئلى ئەبەس. بۇ يولنىڭ ھەر گامىدە بىر شىر ئاغزىن ئاچىپدۇر. ھادىئى كول راھبەر بولسە ئانىڭ پەناھىغە قاچىپدۇر. رىندلەر نەچچە يىل ساقىيغە خىزمەت قىلماق بىلە تەلمۇرۇپ، شاراب ئورنىغا يۇتتى قان؛ ئاندىن مەي ئىچەردە جامدا تاپتى جانان. نەزم:⑱

تۆرت نېمەرسەدىن ئۇشبۇ مەقام ھاسىل بولۇر،
ئەۋۋالدە بۇدۇركى: ئۆلمەيىن، نەف - ئۆلۇر.

بىرى ئاڭا بولسە كامىل پىرى مۇغان،
تەرك ئەيلە ئانىڭ ئەمرى بىلەن خانۇمان.

راھەتكە جەفانى، بىرىدۇر، ساتقۇن ئال،
ۋا ئەيلەمە گامى جەبر ئىلە كەتسە بۇ جان.

يا رەب، ئۆزۈڭگە [سەن] ئاشنا ئەيلە مېنى،
ئالەم ئەھلىدىن كۆڭلى سەۋا ئەيلە مېنى.

## مۇناجات

يا رەب، سەن ئۆزۈڭ ھىدايەت ئول، ئەيلە فەنا،
جان ئىلە كۆڭۈلدە قويماغىل زەررە غەنا.

يا رەب، مېنى دەير ئەھلىگە ئۆلگۈچە قات،
نادان ئېلى بىرلە قىلماغىل تاڭلا ئۇيات.

يا رەب، مېنى مەيخانە ئارا جانىم ئال،
مەي بىرلە كۆڭۈلنى ئەيلەگىل مالا مال.

يا رەب، باشىم [A27] ئىشق تىغلىگە قىل چەۋگان،
گۆي ئەيلە بەلا دەشتىدە بۇ جىسم ئىلە جان.

يا رەب، مېنى مەھ ئۇيقۇسىدىن ئويغاتمە،
مەيخانە ئېلىدىن چىقارىپ غەيرىگە قاتمە.

يا رەب، كۆزىمە، جەھان غەمىم كۆرسەتمە،
دۇنيا شەككەرىغە دىل قۇشىن ئۆرگەتمە.

يا رەب، مېنى خانۇ ماندىن ئەيلە خەلاس،
ۋەسلىڭگە يەتۇر، بۇ جاندىن ئەيلە خەلاس.

يا رەب، مېنى مەھۇ ئەيلە، خىرەد ھۇشىنى ئال،
قال ئىلە ماڭا مۇيەسسەر ئەت ئىشق ئىلە ھال.
يا رەب، مېنى ۋەسل جامىغە ئەيلە خۇمار،

ئەغيار ئېلىگە تاشلامەۋۇ ئەيلەمە خار.

يا رەب، قولۇم ئال ئېرۇرمەن ئەفتادە غەرىب،
بۇ تەشنە گەدا تۇرۇر ئىشىكىڭگە بارىپ.
يا رەب، بۇ غەرىب ئەبدىي ئۇممىدى ئەلتاف،
ئىسيان زەڭگىدىن دىلنى دائىم قىل ساف[72].

## ئالتىنچى فەسل ئىشق زىكرىدە

ئىشق جانۋەرىدۇركى، بەلەند پەرۋاز؛ [ئالەمگىردۇر شاھباز][73]. دامى [— جاندىن كەچمەك؛ دانەسى — كۆلفەت شەرابىنى ئىچمەك. مىرشىكارى] [74] — رىيازەتدۇركى، ئانى ئالۇر؛ تەنابى — خارلىق ۋە زارلىق، ئەجز شىكەستەلىكدۇركي، [ئانى] بەند ئېتەر.

ئىشق بىر ئوتدۇركى، ئالەم سوز؛ فەنا سۈيى ئىچرە ئاسراسا كېرەك. ئىشق تاغىدۇركى، كۆتەرمەك مۇمكىن ئەمەس، مەگەر جەفا ۋە مىھنەت چەكمەك بىلە غەمكىن بولماسە. ئىشق ئەھلى دۇنيادىن قاچار، پەلەك زۇلۇم تاشىنى باشىغا ساچار. ئاشىق شىكەستەلىك كۆزىدىن ياش قۇرۇماس، دەھر ئېلى زۇلم قىلماق بىلە [دائىم] ھارۇماس. ئاشىق جەفا بىلە پەرۋاسى يوق، ھىجران غەمىن [يېمەك] [75] بىلە كۆڭلى توق.[A28] ئاشىق مەكانى ۋەيرانە، زاھىرلارى دىۋانە؛ مۇھەببەت مەيىنىڭ گەداسى، جاھان خۇبلارىنىڭ رەسۋاسى. ئاشىقلاردا نە كۆلبە ۋە نە جان، ۋەسل ئارزۇسىدا يۈرۈر بىخانۇمان. رۇبائى[76]:

ئاشىق ئېلى مىھنەت بىلەدۇر ھەمخانە،
جانىن [ئۇنۇتۇپ] شەمئە ئۇرار پەرۋانە.
كىم جانۇ جەھان تەركىنى ئەيلەر بۇ يول،
ھەم جامۇ شارابۇ ۋەسل ئولۇر جانانە.

ئاشىق ئىززەتىن سىنۇق زەرىغگە ساتار، جانىن بېرىپ قەترەئى مەي تاتار. ئاشىق مەتلۇبى ئۆلۈم، مىھنەت ئاستىدا گۇم. رىندىلەر ئەھلىگە ھەر سائەت مىڭ يىل كۆرۈنۇر، باشى جەفا تاشى بىلە ئۇرۇلۇر. بىر تەرەف ۋەسل ئارزۇسى، بىر تەرەف مەلامەت مەلبۇسى. بىر تەرەف فەلەك گەردىشىدىن جەفا، بىر تەرەف جاھان رەنالىرى بىۋەفا. بىر تەرەف نادان [ئېلى] ئەلەمى، بىر تەرەف تەقدىر قەلەمى.

بەس، بۇ مەراتىبدا سۈبھۇ شام، بەلكى ئەلەد - دەۋام. كۆزى مىھر رەۋشەنلىغىدىن خەبەرسىز، كېچە زۇلمەتىدىن ئەسەرسىز. كارى ۋىردى سەنەم، ئەۋرادى ۋەسلۇ مەھرەم. تۇشەسى غەم ۋە ھىجران سۇگۋارى مۇھەببەتى جانان.

بەس، بۇل ئەلنىڭ[77] ئول مەقامى ئەدھەم، مەنزىلى ۋادى، ۋەھشىيلەرى رەم. ئىشق مەتەئىيدۇركى بىباھا، فەنا بازارىدا جەفا چەكمەك بىلە بارۇر[78]؛ خەرىدار ئىلكىدە نەقدى جان بەرمەك بىلە ئالۇر. ئىشق گەنجىدۇر پۇر مار، تەن بەرسە جان تاپار. ئىشق ئەسەلىيدۇر بازەنبۇر، جان بېرىپ لەب ياپار. ئىشق مەنزىلىيدۇر، يولى نابۇدلىك؛ ئىشق سەفەرىيدۇر [A29] سەۋداسى بىسۇدلىك[79].

ئۇششاق ئەلدە تەقۋايۇ ئىبادەت بولسە، جانان زىكرى جانۇ كۆڭۈلغە ئادەت بولسە. ئەمرىن تېز، نەھيىدىن پەرھىز قىلسە.

ئاشىق ئۆلدۈركى، ئۆزىگە دېسە: ئەي تەن، تۇفراغ بولماسدىن بۇرۇن ئىبادەت قىل؛ جانغە دېسە: ئەي جان، ئۆلۈم يەتمەسدىن ئىلگەرى® ئۆلمەكنى ئادەت قىل. ئاشىق رىيازەت چەكمەك بىلە ھارماس، نەفس تەمەنناسى سارى بارماس. ئاشىق ئەل جامدۇر مەيلىك، ئۇرماق بىلە سىزا يوق؛ بى ئىشق تەن چۈن كۈس، ھەرنە تەگسە رىزا يوق. رىزاسىز ئەل كۇفردۇر، ئاشىق مەئشۇقتىن ھەرنە جەفا يەتسە شۈكرى قىلۇر. ئىشق دەريائىيدۇر، سەبر ئاندە گىرداب، خارۇخەس يىغىلۇر. جەمال ئاررۇسى رىھ ۋە رىيا، مەۋج ئۇرغان بىرلە بەرھەم بولۇر.

بەس، ئىشقى ھەقىقىينىڭ نىشانى بۇلدۇر: جاندىن كەچكەن ئەلگە ئۇزاق مەتلۇبى يەقىن يولدۇر. ئەمما مەجاز بىرلە ھەقىقىيغە يەتمەك، كۇفر ئىلكىدە ئىمان بىرلە كەتمەك. مەجاز ساھىبجامالدۇر، دۇنيا ئانىڭ بىرلە دوست، ئىھسان بىرلە بولۇر. مەجاز بىر سۈرەتتۇر، زىينەتسىز ئۆلۈر، سۈرەت زىينەت بىرلە، زىينەت سۈرەت بىرلە. سۈرەتكە يەتتىڭ، زىينەتكە يەتتىڭ. زىينەتكە يەتتىڭ بىدىن كەتتىڭ. مەجاز دەريالىك ئوت، مەجاز خۇش سۈرەت بۇد، مەجاز نامەۋجۇد، يەرگە چۈشسە، خۇنخارلار ئىلكىندە[A30] قاتىل؛ يا مەۋجۇد بىرگە ئىلىنسە، نامەشرۇئ ئىشكە داخىل. مەجازنىڭ ۋەسلى كۇفرغە باشلار، ھىجرانى تەڭرىدىن يىراق تاشلار. مەجەز لۇتفىدىن تەن خۇش، جان دەرئەلەم، جەفاسىدىن جانۇ كۆڭۈل دەرغەم. مەجاز مەنزىلىيدۇر، بىسەباد؛ مەجاز قەلەندەرىيدۇر، مەئشۇقى كۆھنە رەبات. مەجاز سىررىيدۇر، ئاشكارا، مەجاز گۈلىيدۇر باھەمراھ خارا. مەجاز دەردىيدۇر، مۇئالەجەت بىرلە تۈزەلۈر، مەجاز قاسىرىيدۇر، رىيازەت بىرلە ئۈزەلۈر. مەجاز بىرلە ھەقنى تانۇغان مەرددۇر، ئەمما زات ئالىدە سۈرەتنى دېمەك نامەرددۇر.

بەس، مەجاز بىرلە ھەقنى تانۇر ئالتى ئىشتىن: بىرى، سابىر بولماق بەلاغە زەۋق بىرلە؛ بىرى، رازى بولماق قەزاغە شەۋق بىرلە. بىرى، رىيازەت چەكسە ئەلەد دەۋام؛ بىرى، تەن كۆنجىدا تىل مالا كەلام. بىرى، شۇبھەدىن پەرھىز قىلماق؛ بىرى، ھەرنە يەتسە ئۆزىدىن بىلماق.

بەس، مۇھەببەت ئىنشاسىنى ئۆرگەنىپ بولماس، مەگەر باشغە كەلسە؛ بۇ سەھرانى تەي قىلىپ بولماس، باددەك يايىلسە. مەئشۇقتىن ۋەفا تىلەمەك بىلە ئاشىق ئالماس، جەفا يەتكۈرمەك بىلە يولدىن قالماس. مەجازى ئىشقتىن بەھر ئالماق، سائىلىگە لەئىم ئەل دىنار بەرماق. مەجاز بىرلە ھەقىقىيقەتغە يەتسە بولۇر، پىر ھىدايەت قىلىپ؛ رىيازەت بىرلە تەۋبەئى ھىممەت ئاۋۇچىن ھىمايەت قىلىپ؛ دەردى سوزلەرىدىن سۆزلەپ رىۋايەت قىلىپ.

## ھېكايەت

ناگاھ [A31] سەئادەت ئەختەرى فەلەك مېھرى بىلە ياۋۇشتى، سۇبھى سەئادەت قۇياش نۇرى بىلە قاۋۇشتى. بىر ئافتاق تەلئەت ۋە مۇشتەرىي سەئادەت دىلبەر، ئالەمىي باقىيدىن ئالەمىي فانىيغە كەلدى. تەكەللۇمىيدىن دۇر ساچۇلماق بىلە، تەبەسسۇمىدىن گۈل ئاچىلماق بىلە، قەددىدىن سەرۋ پۇكۇلمەك بىلە،يۈزىدىن غۇنچە سۆكۈلمەك بىلە؛ نازى خۇنرىز، ئۇزارى فىتنە ئەنگىز؛ كۆزى بادام، لەبى دىل ئارام؛ قاشى جەللات، زۇلفى سەيياد؛ خالى كۆڭۈل مۇرغىغە دان، رەفتارى ھەلاكئى جان؛ تىشى دۇر، يۈزى ھۇر؛ ھەممەئى جەھان خۇبلارى غۇلام، خىزمەت قىلماق بىلە دەستى ئەلىفلام. نەزم®:

شىرىي جەھان خۇلقى بىلە كەيد ئۇلۇر،

مېھرى فەلەك نازى بىلە سەيد ئولۇر. كىمگە كى ئول قىلدى مەدەد بولدى خاس.

جۇملە جەھان ئىشقى بىلە زىرى دەست، ھەسرەتىدىن تولدى فەلەك گەردىشى،
ۋۇشۇ خىرەد ۋەسلى بىلە بولدى مەست. بولدى ئانىڭ يادى كۆرۈك ئەل ئىشى.

لۇتفى بىلە خەستى كۆڭۈللەر بەھار، تۇشتى جەھان خۇبلارىغە غۇلغۇلە،
قەھرى بىلە® خۇنى جىگەر لالە زار. بولدى كۆڭۈل مەنزەلىدە زەلزەلە.

جىلۋەسىدىن كەبك ئىلە تاۋۇس® لال، مېھرى يۈزى زەررە سىفەت بىقەرار،
ھۇسن ئېلىدۇر جىلۋەسىدىن® پايمال. قىلدى نەچچە ئەلنى كۆرۈك بىشۇمار.

چۈنكى تىلەر مۇھلىك ئېلى ئىلتىماس، بەس، بىر دىۋانەۋەش، فەلەك جەبرىدىن

كۆڭلى غەش، يەقاسى ئېتەككە تەگرۈر چاك، كۆزى دەھر بىۋەفالىغىدىن نەمناك؛ كۆكسى نادان تىغى بىلە يارە، غەرىبلىغىدىن [A32] كوبەكو ئەۋارە؛ جىسمى ھىجران تىغى بىلە چاك، كۆزى كۆڭۈل زەخمى بىلەن نەمناك؛ كۆڭلى مۇھەببەت لەشكەرىغە ئەسىر، قارنى® غەم خانىدىن سىير.

ئەلقىسسە بۇ ئوغلان ئول دىلبەرنىڭ كەنارەسىغە ئۆزىنى ئالدى. ئۈچ كۈن بولدىكى، مۇندىن ھېچكىمنىڭ خەبەرى يوق. بىچارە چارە تاپماي دەردناك [بولۇپ] ®، تەلقىن ئايتىپ® دەرۋازەسىغە كىردى. بەيت:

ئاي جەمالىڭ ئارزۇسىدە گەدامەن، ئەي سەنەم،
ئۆرگۈلەي ھەسرەت ئوتى بىرلە ئەدامەن، ئەي سەنەم.

تابۇتاقەت قالمادى، سەنسىز بۇ دەم ئىشق ئوتىغە،
بىر قىيا باقماقلىغىڭغە مەن فىدامەن، ئەي سەنەم.

تالىئىم شۇمدۇر، يۈزۈڭ كۆرمەككە يوق فۇرسەت ماڭا،
بارچە ئەل ۋەسلىڭ بىلە، مەن قۇل جۇدامەن، ئەي سەنەم.

كۆيدى جىسمىم بولدى ئەخكەر، بادى ھەسرەت ئالدىدە،
ساۋۇرۇر جىسمىم، نىتەي، ئەمدى ئەدامەن، ئەي سەنەم.

دەپ نالە قىلدى. ئېرسە بىتاقەت بولۇپ، گەدا سارى قەدەم قويدى. بۇ گەدا ئول جانان جەمالىنى كۆرۈپ، ھوشى ئەقلى زايىل بولدى؛ مۇبارەك يۈزى خاكى مەزەللەتكە يەتتى. ئول نازەنىن باشىنى مۇبارەك تىزىغا ئالىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇركى، بەيت:

ئەي غەرىبلەرنىڭ غەرىبى، غەمگۇزارىڭ مەن سېنىڭ،
ئاشىق ئەل بولساڭ ماڭا، ئاڭلا، نىگارىڭ مەن سېنىڭ.

ھەجرى بادىدىن يىقىلىپ بۇ نىھالىڭ گۈلشەنى،
جان تەسەددۇق قىلغالى بىر بىقەرارىڭ مەن سېنىڭ.

ئاجىزۇ بىچارە ئۇلساڭ بۇ مۇھەببەت دەشتىدە،
ئارۇزۇيى جامى ۋەسلى ئىنتىزارىڭ مەن سېنىڭ.

غەم خەزانى گۈلشەنى ئۇمرىڭغە يەتسە ناگەھان،
ئارزۇ قىلساڭ [A33] مەنى، بىر نەۋباھارىڭ مەن سېنىڭ.

تەشنە لەب كەلسەڭ بۇ ھىجران دەشتىدە، ئەي نازەنىن،
خاھى خۇش كۆر، خاھ ناخۇش، بىر نەھارىڭ مەن سېنىڭ.

بۇلبۇلى شورىدەدەك، قىلساڭ غەزەلخانلىق ماڭا،
سەرۋى قەد، لەب غۇنچە، گۈل رۇخسار يارىڭ مەن سېنىڭ.

دەپ غەزەلنى تامام قىلدى. ئېرسە گەدادىن نە ئەسەر ۋە نە خەبەر تاپمادى؛ ئالەمى فانىيدىن ئالەمى باقىيغە رىھلەت قىلىپ، جاننى جانەنغە ئۇلابدۇر. ئاۋاز كەلدىكى: «ئەي دىلبەر، سېنىڭ لۇتفىڭ بىلە بۇ مەرتەبەغە يەتتىم، ۋە بىۋاستە تەڭرى جەمالىنى كۆردۇم».

ئەلغەرەز، خاھ ھەقىقىي ۋە خاھى مەجازىي بولسۇن، جانانىدىن لۇتف بولماسە جەمالغە يېتىپ بولماس. ئىلاھا، بارچە تالىبنى ئىشقى ھەقىقىي بىرلە ھەققە يەتكۈر، تەڭرى كىرامى بىرلە مۇشكىل ئىشلارىنى بىتكۈر.

## يەتتىنچى® فەسل مەي زىكرىدە

مەي بۇھەببەت دېمەك ۋە قىلماق، ساقىي سەۋنىمەك®، خۇمخانە قىلماق، جام سەۋنىمەك®. دەير ئەھلى دېمەك ئۇلدۇركى، مەي تەڭرى سۆزىدۇر. قەدىمقى كۇنى لەۋھۇل ـ مەخفۇزگە قەلەم بىتۇدى، جىبرەئىل ئان ھەزرەت سەللەللاھۇ [تەئالا] ئەلەيھى [ۋەئالا ئالىھىي ۋەئەسھابىھى] ۋەسەللەمگە يەتكۈردى. ھادىس بولدى، بۇ كەلام يەتتى لەبز ۋە يەتتى مەئنى ۋە تۆت نەۋئىدۇر. زاھىر مەئنىدىن ئىلمى شەرىئەت، باتىن مەئنىدىن ئىلمى ھەقىقەت مەي مۇرادى مەئنى ئىبارەت — زەرق، نۇش قىلغۇچى — ساھىبى ئەمەل، مۇتەئەللىمى — ساقىي، خۇمخانە — ئىشتىھاد قىلغۇچى، مەستى — ئاگاھلىك، مەخمۇرى — ئىشتىياقلىك، دەير ئەھلى — ساھىبى سۇلۇك.

«ئەد ـ دۇنيا مەزرەئەتۇل ئاخىرەتۇن» [A34] مەئنىسىدىن مۇراد ئالەم ۋە ئادەمنى ياراتتى، كەۋنەيىننى قۇدرەتى بىرلە تۇزەتتى؛ ئەرش ۋە كۇرسى، لەۋ ۋە قەلەم، ئاسمان ۋە زەمىن ۋە مەلەكۇت ۋە جەبەرۇت ئانىڭدىن مەخمۇر. مەينى ئالەمغە ئاشكار قىلدى، ئېرسە ئالەم مەي ۋەھمىدىن تىترەدى، ۋە ئانىڭ لەززەتىدىن بۇدلار نابۇد، نابۇدلار بۇد بولدى. ھەممە چۇن بەرگى بىدى لەرزان بولدى. نە ئۇچۇنكىم، «ئەد ـ دۇنيا سىجنۇل مۇئمىنىن ۋە جەننەتۇل كافىرىن» مۇھەببەت ئەھلىغە مەينى، مىھنەت

ۋە مۇشەققەت بەلالارنى تالىبلارغە راسلاپ، بارچەغە بىر ـ بىر سۇندى. ئېرسە نوش قىلماي ھاللارى خەراب، جىگەرلەرى كەباب بولدى؛ بىتاقەت بولۇپ نالە ۋە زارى قىلدىلار: «ئىلاھا بىز ئاجىز ۋە ناتەۋانمىز» دېدىلەر. ئاندىن سوڭرە ئادەمنى ياراتتى. روھنى قالىبكە يەقىن كەلتۇردى. ئېرسە كۆرەركىم، ئادەم بىلە دەرد ۋە مەشەققەت، خارلىق ۋە زارلىق، رەنج ۋە ئەلەملەر، كۇفر ۋە زەلالەت، ئىسيان ئولتۇرۇپدۇر. روھ ئايدى: «ئىلاھا، مۇنداغ يەردە قەرار قىل دېمەك ستەمدۇر!» دېدى. ھەر چەند ئەمر قىلدى: «كىر!» دەپ، قەبۇل قىلمادى. جىبرەئىل ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلدى: «مەيدىن كەلتۇر!» دەپ. جىبرەئىل مەي كەلتۇرۇپ روھغە تۇتتى. روھ بىپەردە جەمالۇللاھنى مەيدە كۆرگەچ، شەۋق بىرلە توشقاردى.

بەس، ساقىي تاپساڭ جان يېتەر، مەي ئىچسەڭ جەمالغە كۆز كېتەر.

ئەلقىسسە، روھ ئۆزىدىن خەبەر ۋە ئەقلىدىن ئەسەر تاپماي، بىتاقەت بولۇپ، تۇفراغقە كىردى.

بەس، كىمنى مەي مەست [A35] قىلسە فەنا سارى تارتار [ۋە ھەم] ئۆزىدىن ئەسەر، كۆڭلىدىن خەبەر تاپماس. مەيى ئىشقىي بىلە نوھ تۇپاندىن خەلاس تاپتى؛ يۇنۇس بالىق قارنىدىن سىھھەت چىقتى. زەكەريا ئەررە ئەسەرىنى مەي زەۋقىدە بىلمەدى. يۇسۇف مەيى مەستىدىن مىھنەت بازارىدە مەكان قىلدى. ۋە ئەييۇب تەن رەنجىنى مەي[91] شىددەتىدىن بىلمەدى.

ئەشەددىي بەلا پەيغەمبەرلەردە دېمەك. بائىس ئولدۇركى، ئۇلار ھەم مەي ۋە ھەم مەيپەرەست. غەزەلىي ھافىز:

مەيى دو سالەۋۇ مەئشۇق چەھار دەھ سالە،
ھەمىن بەسەستو مەرا سۇھبەتى سەغىرۇ كەبىر.

بەس، لەۋھۇل مەخپۇزدىن كاسەئى جىبرەئىل ئالىپ كەلدى. ئېرسە ئان ھەزرەتى سەللەللاھۇ [تەئالا] ئەلەيھى [ۋەئەلا ئالىھى ۋە ئەسھابىھى] ۋەسسەللەم نوش قىلدىلار؛ ئىككى يىلدە تەمام تاپتى، تۆرت دەھ ــ قىرىق ياشلارىدە مەئشۇقى جەھان تاپ ئەھلى ئۇششاق بولدىلار. بەس، بۇ مەراتىبدە ساقىي ــ جىبرەئىل، پىيالە ــ ئىبارەت ، خۇمخانە ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلەۋاتۇ ۋەسسەللەم، دەير ئەھلى ــ ئەسھاب. بەس، كىم ئەمرى مەئرۇف قىلدى، جىبرەئىل رەۋشىنى تاپتى؛ كىمكى ئەمەل قىلدى، مۇھەممەد [مۇستەفا] سەللەللاھۇ [تەئالا] ئەلەيھى [ۋە ئەلا ئالىھى ۋەئەسھابىھى] ۋەسسەللەم سۇلۇكىنى ئالدى. بىئىلم ساقىينى بىلمەس، بىئەمەل مەي نەشئەسىنى ئاڭلاماس. زاھىددە بىر مەئنى، ئابىددە يەتتى مەئنى، ئاشىقدە يەتمىش مەئنى زاھىر بولۇر. بۇ مەئنىلەرنى ھال ئەھلى تەي قىلىپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ [تەئالا] ئەلەيھى [ۋە ئەلا ئالىھى ۋەئەسھابىھى] ۋەسسەللەم رەۋشىنى ئاڭلاپ، راھىي تەييار قىلدىكى، ئالماس لىسانى ۋە گەۋھەر بەيانى بىرلە كۆڭۈللەر زەڭگارىنى مۇسەيقەل قىلىپ، تەۋەججۇھ سەيفى بىرلە ۋۇجۇد دۇشمەنلەرىن ۋە روھ [A36] قاتىللارىن قەتل قىلىپ، ئىبادەت نەتىجەسىن بىلدۇرۇپ، مەئشۇق ئەمرىن قىلدۇرۇپ، كۆڭۈل زىكرىگە مايىل، ۋۇجۇد ئەمرىگە قايىل قىلىپ، مەيى ۋەھدەتدىن سىيراب قىلدى. بەس، بۇ پىرنى ساقىي دەرلەر. جاندىن كېچىپ كىم يولغە كىردى، دەير ئەھلى ئاتاندى. سۇخەنى سۇفى ئەللاھ يار:

رىيازەت يولىدە دەريايى كەچتىم،
رىيازەتدىن مۇھەببەتكە ئۇلاشتىم.

پىر ئۇلدۇركى، ھال مەئنىنى بىلدۇرسە؛ ماسەۋۋەللاھ مىھرىن كۆڭۈلدىن كۆتەرىپ ئەمەل قىلدۇرسە. جام — قال، مەي — ھال؛ قال — مەيخانە، ئەمەل — مەستانە. زەرفسىز مەينى ئىچسە بولماس، قالسىز ھالنى كەچسە بولماس. دەھر ئىلىگە يول بۇلدۇر، دەير ئىلىگە مەئنى ئۇلدۇر. ئىشق — پادىشاھدۇر، ئەقل — ۋەزىر. ھەۋا — پادىشاھتۇر، نەفس — ۋەزىر. ئول پادىشاھنىڭ تەختى فەنا، بۇل پادىشاھنىڭ تەختى غەنا. ئول پادىشاھنىڭ شەھرى سەبر، بۇل پادىشاھنىڭ شەھرى كىبر. ئول پادىشاھغە سەلتەنەت گەدالىك، بۇل پادىشاھغە بولسە مۇلكۇ مالىك. ئول پادىشاھ لەشكەرى دەردۇ غەم، بۇل پادىشاھغە خەتا ۋە جەۋرۇ ستەم. ئول پادىشاھغە ئەيش غۇربەت كۇنجىدە، بۇل پادىشاھ سۇرۇرى بىچارىلەر رەنجىدە. ھەۋادىن ئۆتمەي ئول پادىشاھلىككە يەتمەس، جاندىن كەچمەي مۇددەئا بىتمەس. گەدا بولماي شاھلىك نىسبەتىن ئالۇرمۇ، دەردۇ ئەلەم كىمدە بولسە ئول شاھدىن قالۇرمۇ؟ ھەۋادىن ئۆتمەك ئارزۇدۇر، [A37] رىيازەت چەك، فەنا بول، «مۇتۇ قەبلەن ئەنتە مۇتۇ» مەئنىسىن ئاڭلاپ ئۆلمەيىن ئۆل. جام قولدا بولماق بىلە مەينى ئىچسە بولماس، ساقىي خىزمەتىن قىلماي نەفس ئۆلمەس. كۆرۈپ قىلماغان ياد، كىرسىز ئەمەل بەرباد. مەي — ئەنقايىيدۇر، دامى — خارلىق. مەي — مەنزىلىيدۇر، بالى — ئىشتىياقلىق[92]. مەي — نۇرىيدۇر، پىر — زۇلمەت ئەمەلى بولماس، مەگەر جەفا فەلەكىيدە مىھرى بولسە؛ مەي — خۇرشىددۇر تابان، كۆرۈپ بولماس، مەگەر كۇلفەت خەنجەرىدە كور بولغان نەزەرى بولسە مەي — بارىيدۇر تاغدىن ئاغىر، يەر بولماي كۆتەرەلمەس. مەي — دەريايىدۇر، تەن زەۋقىدە مەللاھى ئىشق بولماسە ئۈزەلمەس.

مەي ئىچمەك مەردانلارنىڭ ئىشى؛ كىمنىڭ مەرددۇر تاشى، باتىنى تىشى؛ بالىغ ئىشىنى نابالىغ قىلالماس، مەردانلار كارىنى نامەردلەر بىلەلمەس. سىنۇق ئىلىك غەبرار ئۇزرە مىھر ئالۇرمۇ، زاغ ئىگەسى خەيال بىرلە لاچىن سالۇرمۇ؟ ھال ئەئماسى قال بىناسىن يولغە سالۇر، زاغ ساقىيسىغە شۇڭقار يەتمەي يولدە قالۇر.

ئۆزنى تانىماي قۇدرەتنى كۆرمە، كۆزنى تاپماي چاخغە ئۆزۈڭنى ئۇرمە. زاھىر — دەريادۇر گەۋھەرى نىھاندە، كىم ئاڭلادى ھالى پىنھان جەھاندە. بىستەردىن كۆز ئاچماي، ئول ئەلنى بىلمەس؛ قال جاھىللارى كۆزىگە ئىلمەس. مۇخەممەس [مۇناجات]:

يا رەب، مېنى قىل فەنا بىلە ھەم ئۇلفەت،
يەتكۇر باشىمە لەھزەدە يۈز مىڭ كۇلفەت،
مەي ئارزۇسىدىن [A38] جانىمە بەرگىل مىھنەت،
جانان تەرەفىدىن ماڭا يەتكۇر ئافەت،
بىر جامىڭە جانىم ئەۋەز، ئەتسەم ھەسرەت.

كويۇڭنى تاشى بىرلە ئەيلە ئەزىپ باشىمنى[93]،
مىھنەت بىلە غەم ئەيلە مېنىڭ ئاشىمنى،
مەندىن كەچۇر، ئەي يار، قارىنداشىمنى،
يادىڭ قىلا كۆر ئەلبەتتە، سىرداشىمنى،
بەندەم دېمەسەڭ يوقتۇ ئىبادەت بىلە ھۇرمەت.

يا رەب، بۇ تەنىم كويۇڭا سەرگەردان قىل،
كوي ئىتلارىنىڭ ئالىدە جانىم قان قىل،
تا ئىزلەتىبان ئۆزۈڭنى بىسامان قىل،
ھەم ئۆرتەگىلۇ ئوتۇڭدە بىدەرمان قىل،
ھىجران چۆلىدە مىسكىن ئېرۇر خىستىغە غۇربەت.

يا رەب، ئاياغىم دەير سارى ئەيلە خىرام،
مەن خەستەنى قىل مەھرەم ساقىي بىلە جام،
دەۋران غەمىكىم قىلدى مېنىڭ سۇبھۇم شام،
كۆڭلۇم قۇشىنى ئەيلە مۇھەببەت بىلە رام،
مەندىن كۆتەرىلسۇن ھەمە كۇلفەت ھەمە[94] ئۇلفەت.

ئەي ئەبدىي، بۇ مەيدىن تولاراق سۆزلىمەگىل كۆپ،
ئىشق ئەھلى دەبان بولدى سەنەم ئالىدە مەئيۇب،
دەير ئىچرە ساڭا شۇكر قىل، ئىر تەگسەكى جارۇب،
مەيخانەغە ساچ ژالەئى ئەشكىڭنى چۇ يەئقۇب،
كۆپ ئەھلى خىرەد بولدى بۇ مەي نۇكتەسىدىن لەت.

## سەككىزىنچى فەسل  خامۇشلۇق زىكرىدە

خامۇش [بەش ھەرفدۇر][95]: «خى»سى خەزانى ھەجر ئىلە ۋىسال ئارزۇسىدا ئىنتىقال بولماقدۇر، «ئەلىف» دىن مۇراد ئۇلفەت بەزمىنى بەلا ئاشىيانىدا تۈزماقدۇر؛ [«مىم»ى مەقسەد مۇلكىنى ئىففەت مەتائىيدا زىينەت بەرماقدۇر][96]؛ «ۋاۋ»ى ۋەھدەت شەرابىن كۆڭۈل مەيخانەسىدە مۇھەببەت [بىلە][97] قايناتماقدۇر؛ [«شىن»ىدىن مۇراد شەۋق ئوتىدا جانىن ئۆرتەپ، جانانغە ئۇلانماقدۇر][98].

بەس، بۇ خامۇشلۇق [A39] ھەقىيقەت ئېلىنىڭ ھالى، تەرىقەت خەيلىنىڭ بالى؛ شەرىئەت ئەھلىنىڭ خەيالى. ئەمما، بۇ بەش ھەرفدىن بەش خىسلەتى شەرىف ھەر بەندەگە يەتسە، مۇراد مەنزىلىغە ئىلتەر. قىتئە:

خۇلقى خۇش، ئەفئالى نىكۇ مەدھى يار،
ۋەھمى سەئىبۇ ھەم تەقىي بولسە رىيازەت شاققە.

بەس، خامۇش ئولدۇركى، كۆڭۈل [ۋەيرانىن][99] ياساماق بىلەن سۆز ئاچسە، زەھر بەرگەن ئەلگە تەرياك شەكەرىن ساچسە. خىرەد خەيلى سۆز گەۋھەرىن ئىفكە تەرمەس[100]، خامۇش ئېلى دىل رازىنى تىلگە بەرمەس. كىم خامۇشغە تىغ ئۇرسە مەرھەم تاپار، خامۇش ئەفئالى جۇھھال كامىن ياپار. خامۇش ئېلىگە زەھر سۇنگەن شەھد ئىچەر، خامۇش خۇلقىدىن لەئىم دۇنيادىن كېچەر. زەبان بولماقتىن ئەلگە ئەلەم يېتەر، خامۇشلۇق زىيان خەيلەغە سۇد ئېتەر. خامۇش تىلىن تىلماق بىلە سۆز كەلمەس، خامۇش دانا بولماق بىلە سۆز بىلمەس. خامۇش جاھىللار ئىچرە نادان، خىرەد ئالىدا بىدەرمان. خامۇش جەزم جادەسىدە نىك ئەندىش، تەن[101] ئەجسادىغە ئۇرماس نىش. خامۇشلۇق قاتىل قەتلىغە ھىجاب، خامۇش لەفزى خەشم ساۋادىغە دۇررى خۇشاب. خامۇش پەششەسىدىن فىل مەجرۇھ، نەمىقدار خالاس[102] ئالىدە تۇفانى نۇھ. مۇرى خامۇشي ئەفسۇنى شىر ئىشىن كۆر، خىرەد زەبانسىز ئۇچۇن تىر. بەيت:

تىغى تىلدىن زىرى تىغ ئولدى [A40] نەچە سەردارىلار،
قىل ھەزەر تىل ئافەتىدىن ئەيلەغىل خامۇشلۇق.

ھەر جاندە تىل زەخمى كۆرۈلسە كۆڭۈل سىھھەتىن سورىماق بولماس، ھەر دىل زەبان مۇلكىندە قەرار تاپسا تەن ئامان بولماس. تىل بەيازىدىن دىل سەۋاد، كىم تىلىن تىيدى، كۆڭلى جاۋىدانى شاد. بەيت:

ئەمانلىق ئىستەسەڭ كەۋنەين ئارا، بولمە زەبان، ئەي دىل،
خەلاس ئازارلىغدۇر تىلنى تىي، خامۇش تىغىدە.

بەس، تىل تەكەللۇمىدىن تۇتى ۋە بۇلبۇل بەر قەفەس، شۇكرى بىرلە بىزەبانلىغدىن زاغلار ھەمنەفەس. ئەندەلىب گويالىغدىن گۇلدە خەزان، قۇمرى خامۇشلۇغىدىن سەرۋى بەھارى زىمىستان. ئەرز[103] خامۇشلىقىدىن ئالەم بەرقەرار، ھەممە باغۇ بوستان ۋە ھەم لالە زار. كانى لەئلۇ ياقۇت خامۇشلىغىدىن جەبال، بەھرى ھەمچۇنىن دۇررۇ مەرجان مالا مال. گۇناھ ئۇسۇلى كۆزدىن، جەفا بارچەسى سۆزدىن. كۆڭۇل ئىففەت گەنجىغە خەزانە؛ جىسم ۋەيرانەسىندە زەبان چۇغز ئولۇپ، كام گۇشەسىندە بوملىق بىلە ئۇمر ئۆتكەرسە، ئۇل خەزانەدىن مەتلۇبىن تاپسە، تالىبىغە يەرى بار. تەن — ئارەستە بارگاھ؛ [كۆڭۇل — شاھ][104]، تىل گويا ۋەزىر. نەفس شاھى ھەۋا تەختىدە، غەزەب[105] لەشكەرى بىرلە شەيتان شەبىخۇن ئۇرۇپ بەرھەم بەرسە سەزاۋار. بۇل ئىشتىن ئەمان تىلەگەن سۆز تاشلار؛ ئەمان كۇنجىغە ئافەت خەيلىنى زەبان باشلار. بۇ كانگە مەي بىپەرۋا بولماق بىلە تۆكەلۇر، بىر غەزەب تىلغە [A41] كۆڭۇلدىن يۇز مىڭ تائەتنى ئالۇر. **بەيت:**

بىر غەزەب يۇتماغدە ھاسىل تائەتى يۇز يىل ساڭا،
سايىرى تائاتى مىڭ يىل دەفئىغە بىر خەشم بەس.

كۆڭۇل مەخزەنى بىر دەرەم ئالماقدىن بەرباد بولسە ئەجەب ئەمەس، ئىمان مىھرى غەزەب سەھابىدىن مەسكۇن ئولسە ئەجەب دىمەس. خىرەد مەۋتى كۆڭۇل ئەسرارىن تىلگە دىمەك، ئىمان ئەلەمىي بىر سۆز بىلە جان بەرمەك. «ئۇفۇ بىئەھەدەكۇم» مەزمۇنىدا سۆز راسلىغى بۇيلە بولۇر. **نەزىرى سوفى ئەللاھ يار:**

سۆزىن بۇزغان كىشى بۇزماسمۇ ئىمان،
ئۆلۇمسە بىرلە قىلمە ئەھدۇ پەيمان.

بەس، سۆز نۇقسانىدۇر مەتلۇبىدىن قالماق، ۋەفا ئىلكىدۇر مەقسۇدنى ئالماق. خامۇش ئولدۇركى، كۆڭۇلدىن كۆزگە يول ئاچسە، ئۇل كۆز بىلە ئۆزىدىن ئۆزگەنى كۆرۈپ قاچسە. خامۇش ئولدۇركى، تىلىدىن تىغ تاپماسە ئۆزى، ئەقل ئەسلى ۋە خۇلق شەككەرى بىلە بولسە سۆزى. دانا تەفەككۇرسىز سۆز دىمەس، بى ئىبرەت نەزەر سالسە كۆز دىمەس. ھەق فەيزىن كۆڭۇلگە سالماي تىلدىن كەچمەس، ئاقىل ئەھلى تىلنى تىيماي مەيدىن ئىچمەس. ئاقىل ئەھلى تىل خىراجىن سەبر مۇلكىگە ساتار، نادان ئىلى سۆز ئۆزارتىپ غەزەب تۇفانىغە پاتار. **نەزم:**

كىمكى خامۇش سەبر بىرلە دائىما ھەمخانەدۇر،
چەكتى جەۋرىن ئولدى سابىر ئەجرى ئۇل جانانەدۇر.
سەبر ئىلە خامۇش ھەر تالىبغە ئىككى بالۇ پەر،
تاپتى مەتلۇبىن بۇ ئەل خاھ كەئبە يا[106] بۇتخانەدۇر. [A42]

بەس، جەهل ئېلىگە خامۇشلىق زۇلمەتدۇر، بىسەبرلىق جانۇ جىسمىڭغە كۇلفەتدۇر. خامۇش گەنجىن ۋەيرانە بولمايىن بىلمەس، خامۇش ئېلىنى دۇنداناسى كۆزگە ئىلمەس. ئادەمغە شۇهرەتدىن ئافەت يېتەر، شۇهرەت بىلە هەۋا يەتسە دىن كېتەر. فەنا ئەفزەلى تائەت، سەبردىن يېتەر ئادەمغە سەئادەت. گۇفتى رەسۇلىللاهى سەللەللاهۇ [تەئالا] ئەلەيهى [ۋە ئەلا ئالىهى ۋەئەسهابىهى] ۋەسەللەم: «ئەش شۇهرەتۇ ئافەتۇن» ۋە يەنە «ئەسسەبرۇ مىفتاهىل ـ فەرەھ». خامۇش هەرەمگاهى جەمال، خامۇش شەۋق شارابىغە مالا مال. خامۇش ئىزلەمەي يول تاپار، يول تاپقان ئەلبەتتە ئاغزىن ياپار. دىلسىز بولسە تىلنىڭ سۆزى مەككارلىق، بىسەبر ئولسە تەنىنىڭ ئىشى بەدكارلىق. زاهىر ئىچرە بولساڭ زىكرىن دىمە، تەققا بولساڭ رىيا نانىن هەرگىز يېمە. شەۋق ئوتىدە جان ئۆرتەنمەي، زاهىر زىكرى؛ هەۋاۋۇ هەۋەس قىلغان ئىشى دۇنيا پىكرى. خامۇش ئېلى بەلا كەلسە «ۋا» دىمەس، زاكىر ئېلى زىكرىن دەيردە «ها» دىمەس. خامۇشنىڭ قەنائەت بىرلە پىشەسى، ئاگاهلىق بىرلە ئەندىشەسى. خامۇش ئەل تىغىدىن بىكىنمە، كىم جەفا ئوقىن ئاتسە پەرىشان قىلۇر سىنە. سەبر نەسىمى هەۋا گۇللارىن سۇلدۇرۇر، زەبان سەييادى مۇهەببەت بالىنى يۇلدۇرۇر. خامۇش تىغىدىن ئەل زەخمى تاپمادى، تاپتى هەيات[107]؛ كىم ئەلگە تىغ تاتتى تىلىدىن، بولدى مەمات. قىتئە:

جەفا كىم [A43] چېكىپ كۆرمەدى راھەتىن،
كى راھەت ئېلى چەكتى ئاخىر جەفا.
كىمە ئەيلەسەڭ سەن ۋەفا، سورمە مېهر،
ۋەفا ئەهلىگە شەرت ئەمەس جوز جەفا.

كىم هەيات باغىنى غەم بادىدە سەۋۇرماق ئىستەسە، تەن ۋەيرانەسىدە چۇغز بولماق كېرەك. كىم نىشاد گۇلىستانى گۇللارىن بادى خەزاندىن قۇرۇتماق سوراسە، سەبر تاغى ئاستىدە ئولماق كېرەك. ئانىڭ جەزاسى جەمال، مۇنىڭ جازاسىدە مۇهەببەت جامى مالا مال. ئەسەل تىلەسەڭ زەهر چەك، شەۋق ئىستەسەڭ لەبنى تىك. دەردۇ هالەتدىن شىكەستەلىك يېتەر، مەقسەت مەتائى خامۇشلۇق بىلە بىتەر. خامۇشسىز مەئاش ــ بىنەمەك ئاش، خىرەد مەخزەنى تىل بىلە بولدى فاش. خامۇشسىز قىلغان ئەمەل بىسەباد، تىل هەرفىدىن مەهبۇبلارى يات. خامۇشسىز قىلغان تائەت ــ شاهدۇركى، ئەدلى يوق؛ پەرۋا قىلماق بىلە كۆكەرمەس، ئەسل بولسە قۇرۇغ. خامۇشلۇق بىلە رىيازەتسىز يېتەر، رىيازەت هۇشسىز كېتەر. تەرىقەت سۇلۇكىنىڭ ئەۋۋەلى خامۇشلىق، ئاخىرى بىهوشلىق؛ شەرىئەت ئەمەلىنىڭ ئەۋۋەلى سەرپۇشلىق، ئاخىرى زەهر نۇشلىق. تەرىقەت مەسلۇكىنىڭ ئەۋۋەلى نابۇدلىق، ئاخىرى بىهبۇدلىق؛ شەرىئەت تەرىقىنىڭ ئەۋۋەلى زەرەر، ئاخىرى سۇدلىق. تەرىقەت رەۋشىنىڭ ئەۋۋەلى فەنا، ئاخىرى بەقا؛ شەرىئەت مەكتۇبىنىڭ ئەۋۋەلى جەفا، ئاخىرى ۋەفا.

بەس، خامۇشلىقنى ئادەت ئەتمەك ــ ئىككى دۇنيا [A44] خەرىدىدىن ئۆتمەك؛ زەبان بولمە، مۇراد بولسە مەقسەتكە بىتمەك. نەزم:

سالۇردى ئاغزىغە سىددىق ئۇشاق تاش،
قىلۇر دەپ سىرنى ئەغيارىغە تىل فاش.
ئالۇردى ۋەختى ئىفتارۇ تەهارەت،
هەزەر قىلدى تىلىدىن، بولدى دىن باش.

بەس، خامۇشلىق نىشانى ئۇچ، بۇ ئۇچ ھەر كىمدە يوق، مەغزىسىز پۇچ. بەيت:

خامۇش ئۇلمەك ئارزۇزۇدۇر نىكلار ئالىدا بۇل،
ئىبرەت ئال، ئەي رىند، ئاچىلغان گۇل ھەمان بەرباد كۇل.

دەشت ئارا بول ئاھۇۋەش، نافاكلاردىن قاچ يىراق،
كۆركى نادان ئالىدە يەكسان جۇملە خۇشكۇ ھۇل.

ئەي خىرەد، ئىبرەت كۆزىدە كۆر، بۇ ئالەم باغىنى،
قىلدى بۇ بادى خىزان كۆپ باغۇ بوستانلارنى چۆل.

سۆز قۇلاققە ئال، ئەمەك، ئەل ئىچرە بولمە بىنەمەك،
كىم بۇ ئۇچ ئىشنى قىلۇر ئەلبەتتە تاپقاي راست يول.

بىشە بولماس شىرسىز ھىچ دەھر[108] بولماس ئەرسىز،
ئەبديا، تاپقىل ئانى قىلدىم بۇ سۆز دەپ بولمە گول.

## توققۇزىنچى فەسل  پىرى كامىل زىكرىدە

پىر دىمەكدە «پى»دىن بالى ئىشق پەرۋاز ئەتسە، «يا» يادى ھەق بىرلە ھەر نەفەس ئۆزىدىن كەتسە. «ر» رەھمەت تۇفانىدىن جۇرم قەۋمىنى بەرباد ئەتسە؛ «كاف» كۆڭۈل زەنگىن باتىن نەزەرى بىلە ئارتسە. «ئەلىف» ئەھمەد ئەتراقىن كەشق شاھىدە ئەمان قىلسە؛ «مىم» مۇرىدنى مۇرادىغە يەتكۈرمەك ئۈچۈن مەجلىس قۇرسە. «لام» لىللاھىل ـ ھەمد ۋەلمىننە ئامۇ خاس ئۇلۇپ، قازىيەل ـ ھاجات ۋە يەستەجىب دۇئا بولماقدىن پىرى كامىل ئاتار.

بەس، پىردىن مۇراد گۇدازدىن ئۇتمەك، ھەۋاۋۇ ھەۋەس ۋە غەم مىھنەت قانچە كەلسە يۇتمەك. مىھر — [A45] ئەغيار سۇ، تەن — زەمىن، سەبر تاغىن قويسە پىر دەير، رىيازەت دەرياسىغە مۇھەببەت بەرقىن سالسە، فاك زەمىر. غەزەب ئۇتىنى خۇلق ئابى ئۆچۈرسە، نەفس شەجەرىن ئىگنە بىلە كۆچۈرسە. بەرداش بىلە ۋەھدەت مەيىن پىشۇرسە، فەنا مۇلكىگە ھەۋا شاھىن تۇشۇرسە. ئول جەۋاندىن پىرلىك شەرتى تاپۇلۇر. رۇبائىي[109]:

ھەسرەت يۇكى بىرلە قەدىنى خەم قىلسە،
ھىجران غەمى بىرلە كۆزلەرىن[110] نەم قىلسە.
ئاق ئەتسە ساقال ياخشىلار خىزمەتىدە،
ھەق ئەمرىنى چۇن جەۋان ھەردەم قىلسە.

بەس، پىر ئۇلدۇركى، تالىبىنى ھىدايەت ئەتسە؛ ئاگاھ ئىتەر مۇرىدنى، بىدايەت ئەتسە. پىر

ئۇلدۇركى، كۆڭۈل پەردەسىن كۆتەرىپ، خەۋق سالسە؛ مۇرىد ئۇل خەۋق بىرلە يولنى ئالسە. پىر ــ مۇرغىيدۇر، كۆڭۈل بەيزەسىنى پەرۋا بىلەن ئۇچۇرۇر؛ پىر ــ مەنزۇرى بادى ئەزم، ئىسيان دەرەختىنى كۆچۇرۇر. پىر ــ ھۇمايۇندۇر، سايە سالماق بىلە شاھ قىلۇر؛ پىر ــ ئەدلى شاھتۇر، تالىبغە خەۋفسىز راھ قىلۇر. پىر ــ ئەبرى بەھار، مۇرىد ــ دەشت، لالەۋۇ رەيھان ئۈندۇرۇر؛ پىر ــ بال، مۇرىد ــ لال، پەرۋا بىرلە ئارامگاھىغە قوندۇرۇر. پىر بەنزۇرى ــ كىمىيادۇركى، كۆڭۈل ھەجەرىن سالماق بىلە زەھەب بولۇر. پىرنىڭ تەمەئى ھەقدىن، نە پەرۋاسى بار خەلقدىن. پىر بولسە خاس، مۇرىد قىلۇر ئىخلاس؛ پىر ئۆزىنى ئەلدىن يىغار پەرھىز ئېتىپ، ھەۋا قىلماس تەقسىر بىرلە ئۆزدىن كېتىپ. ئامىل بولغان كامىل تاپار؛ [A46] ھەقنى تاپقان ئاغزىن ياپار. پىر ئۇلدۇركى، ناھەقنى ھەق دېمەسە؛ تەمەئ ناندىن ئەسلا يېمەسە. تالىبنى مەتلۇبغە يەتكۇرمەك بىرلە بولسە ئىشى، شەرىئەت ئەمرىدىن زەررە تەجاۋۇز قىلماسە رەۋىشى. ئاشىق خىلافى مەئشۇق ئەتمەس، قىيامۇل لەيل ـ سىيامۇد ـ دەھر بولماق بىلە مەقسەد بىتمەس. «ئىنەللاھە يۇھىببۇل ـ مۇتتەقىن» ۋەئدەسىدە ئۆزىدىن ئۆزگەنى دوست تۇتماس[11]، شۇبھەلىك تەئامدىن جان چىقماق بىلە يېمەس. «ئىننەئەكرەمەكۇم ئىندەللاھە ئەتقاكۇم» مەزمۇنىدە ئۆزىدىن ئەزىزلىك ئۈمىد تۇتۇپ، خارلىك مەلبۇسىن ئىگنىدىن سالماس؛ جەھان شاھلىكىن بىر دەرەمگە ئالماس. «ئەل فەقرى فەخرى» تاجىن باشىغە قويماق بىلە شاھ، «مۇتۇ قەبلەن [12] ئەنتەمۇتۇ» فەناسىدە ئىھيا. «مىن مىئەتۇ غىرىبەن، فەقەد مىئەتۇ شەھىدەن» مەئنىسىن ئاڭلاپ، غۇربەت دەشتىدە ساكىنى ۋەيرانە «ئىننەما ئەمۋالۇكۇم ۋە ئەۋلادۇكۇم ئەدۋالۇكوم فەھزەرۇھۇم» تەفسىرىن ئىدراك ئېتىپ، ئەلايىق ۋە خەلايىق فەرزەندۇ ئەقرەبادىن ئېھتىرازلاپ[13]، ئۆزىدىن باخەبەر ۋە ئۆزگەدىن بىخەبەر.

بەس، بۇ ئەۋسافلىك پىرنى جاندىن ئەزىز، شەككەردىن لەزىز؛ كۆڭۈل بوستانىنىڭ گۈلى، خىرەد غۇنچەسىنىڭ بۇلبۇلى؛ مۇھەببەت مەردۇمىنىڭ نۇرى، ئىشتىياق ئەجسادىنى ھۇزۇرى دېسەڭ، ئۇلاردىن غالىبراق، ۋە بۇلاردىن مەغلۇبراق؛ قەدرى دەھرى پېشىۋاسىغە تۇتىيا، ئىنانى جەھان فۇزەلاسىغە [A47] راھنەما. فەرد بەيت:

ئىنانى تەگسە ئىلكىنگە سۇلايمان مۇھرىدىن ئەفزەل،
دېسە مەخدۇم مۇھەسسەل جامى جەم مىرئاتى ئىسكەندەر.

بەس، پىر تەۋەججۇھ بىلە جانۇ دىلنى ئويغاتار، تالىب ھەيات بارىدا قاچان بىردەم ياتار. پىر خۇداغا يەتمەك بىلە خەۋق كۆڭلىدىن كەتمەس، كىم مەقرۇن بولماق بىلە يەتتىم دېسە يەتمەس. پىر ئۇلدۇركى، فەنا بولغانىن نە ئۆزى ۋە نە كىشى بىلمەس؛ كەشف ۋە كەرامات زاھىر بولسە، كۆزگە ئىلمەس. كەشف ئاررۇسى ھەۋادۇر، فەنا ئەتراقىدە ھەۋا نارەۋادۇر. پىر ــ مۇھەسسەلي نار، گۇداز ئېتەر؛ ئىبادەت قىلماق بىلە قاچان بىپىر يېتەر. پىر قۇرئان ۋە ھەدىس مەئنىسى بىلە غىرق، شەرابى شەۋقىدىن كۆڭلىدە بەرق. پىرغە مۇرىد بولمە، ئىخلاس قىلماي، ھەق يولىغە كىرمە، ماسەۋەللاھدىن خەلاس بولماي. شەرىئەتسىز قەدەم ئۇرسە، پىر يوق؛ پىر مەن دېسە ئۇر ئاغزىغە ـ ئوق. ئەۋلىيا بولماق بىلە رەسۇل مەقامىدىن ئۆتمەس، شەرىئەتسىز پەرۋاز قىلسە، ئاقىل ئاڭا پۇتمەس. شەيتان ئۇچتى، ھەۋا قىلدى، مەردۇد بولدى؛ ئادەم ئۆزىن فەنا قىلدى، بىھبۇد بولدى. ھەۋۋا ھەۋا قىلدى ھۇسنىغە، ناقىسگىن بولدى. ئادەم ئۆزىن خاك بىلدى، ساھىب دىن بولدى.

پىر فەنا ئەسبابىن تۈزەر، ھەۋاۋۇ ھەۋەس مەنزىلىن بۇزار. پىر بەلا كەلسە كۈچ بىلە تۇتار، ئالەم

ئەھلى ئانىڭ پەناھىدە [A48] ئۆتەر. پىر چۇن مىھرۇ ماھ، بارچەغە بەرابەر؛ مۇنداغ پىرنى دىسە بولۇر راھبەر. پىر ئۆزىدىن ئۆزگەنى ھەرام دەر، مەردلەر ئالىدا بۇلدۇر ئەر، [بەلكى شىر][114]. مۇنداق پىرنىڭ دەرگاھى تالىبغە رىزۋان، كاش قىلساڭ يولىدە جانۇ جەھان قۇربان. مۇنداغ پىرنى ئىمتەھان قىلماق بىلە باتىنىڭ كور بولۇر، نەفسۇ شەيتان ھەۋا ئىتىغە خور بولۇر. ئانىڭدەك ئەرگە مالۇ جاننى فىدا قىلماق، ئانىڭ ئەمرىن جانۇ دىل بىلە فەرز بىلماق. زەھر زەقۇمنى شەراب بىلىپ بەرسە ئىچ، ئانىڭ يولىدىن قايت دىسە ئاتاڭ بولسە ھەم كەچ.

بەس، ھەر جاھىلنى پىر دىمەك خەتادۇر، گۇمراھ شەيخلەر كۇچ بىلە [ئۆزىگە][115] ئوق ئاتادۇر. جۇنۇنلۇقلارى نارەسا، خەلق ئەفسۇنى ئۇچۇن فارىسا. زاكىرلىكلەرى رىيا ئەنگىز، ئەلاقە فەش ۋە سۇبھەسى رەڭ ئامىز. مەلبۇسلارى زاھىدنەما، شەئنۇ شەۋكەتى جۇملە ھەۋا. ھافىزلار نەفس ئۇچۇن زەر خەرىد، يىغارغە زەر قىزى ھەر نەفەس جەھدۇ جىد. قىتئە[116]:

ئانىڭ ھەمسۇھبەتى ھاكىمۇ قازى، ئەئلەمۇ رەئىس،
غەرىبۇ مۇفلىسۇ بىچارەلەرغە ئەيلەمەس پەرۋا.
مىنبان ئەسبە تازى چۇن شىكار ئەيلەر تەماشا دەھر،
بەھانە قۇدۋەتۇل ـ ئالەم نى قەبرى مەقسەدۇ مەئۋا.

باتىن ئەفئالى تەمەئ قىلماق، خىيالارى ئەل مەنزۇرىدا ئۆزىنى ئاشىق بىلماق. ئەجسادى بارچە [زەۋقۇ][117] شەھۋەت پەرەست، ھەۋا بادەسىدىن بىخۇدۇ مەست. ئەل ئالىدە گىريەسى ھەم مەجاز، مۇھەببەت [A49] پەرۋەرى زىينەتۇ دەفۇ ساز. فەرد بەيت:

فەن ئەسبابىنى تۈزگەلى خۇش زەمىر،
مۇرىدى بارچە شاھۇ مىرزاۋۇ مىر.

رىيا تائەتى بارچە شەيتانىيەت،
دىنۇ مەزھەبى يوقتۇر رەھمانىيەت.

ئىلمى ھەۋا مەدرەسەسىدىن تەمام، ھەدىسۇ كەلامى زەرقىزىن ئالماقىە رام. ئەلاقەسى ئۇزۇنلۇقى كىبرلىق، خورەكۇ پۇشەكلەرى جەبرلىق. مىنگەنلەرى ئارغۇماغ، قىلغانلارى سەرايۇ باغ. ناملارى خاجەۋۇ سەييىدۇ مىر، نە بولاردە ھەقشۇناس، نە رەۋشەن زەمىر. ئۇرۇپ سەييىدۇ شەيخ نامىغە كۇس، غەرىب ئەفتادەلەردىن ئەيلەر نامۇس. ئەھلى ئەيالى زاھىرى ھۇرلىقا، باتىنلەرىدە نە شەرمۇ نە ھەيا. زاھىرى ئۆزىن قىلماق روپۇش، لېكىن نەفس بادەسىدىن ھەمىشە دەرنۇش. شەبۇ روز ئۆزىن ياساماق پىشەسى، ھافىزى خۇشروھ يىگىتلەر ئەندىشەسى. زاھىر خەلايىق ئانى ئايىم دەر[لەر]، خىلۋەت تاپسە ھالەتدە ئىتلەر يېمەس نىجاسەتلەرنى يەر[لەر]. نابكار، خىزمەتكارلار ھەمىشە مەھرەم، بۇ باغبانلار گۇل غۇنچەلەردىن ئالۇر نەم[118]. ئېرى ئالىدە تەۋازىئ بىلەن خۇش گۇفتار، غەير ئالىدا قىلىغ ۋە غەمزە بىرلە رەفتار. ئەرلەرى تەمەئ بىرلە، كوبەكو ئاۋارە، ئەھلى ئەيالى دەر خىلۋەتى مەھپارە. ھىممەت ۋە ھەمىيەت ئالاردىن بارى، رەسۇل مەسلۇكىدىن بۇ ئەللەر نارى. ئەرلەرىنىڭ ھەمسۇھبەتى ھەمىشە زەن، بۇ رەۋشتىن [A50] خاتۇنلارى ئەغيار ئىلە ھەمۋەتەن. [ كەللا ۋەھاشا مۇنداغ ئەلگە نە دىسە بولۇر؟] [119] نەزم[120]:

نەقلى نەبى سۆزلەرىدىن بۇ بەيان
قىلدىم ئانى ئامىيلارە مەن ئەيان.

دېدى ئالار: بولسە زەمان ئاخىرى،
ھىيلەۋۇ فەن بىرلە بولۇر ئەل بارى.

خاجەۋۇ شەيخ رەۋشەنى ئەۋباش ئۇلۇر،
خاجە بىلە قۇل ئارا بەد باش ئۇلۇر.[121]

ئالەم ئېلى بارچە بولۇر بىئەمەل
خاسلارىن، خارلامە كەمبەغەل[122].

بەغزۇ غەزەب، كىبرۇ ھەسەد، مەرد ئارا،
مەكرۇ فەرىب زەن ھەمەسى بىھەيا.

يەتمىش ئىككى فىرقە بولۇر ئاشكار،
مۇئمىن ئارا زۇلمۇ جەفا تۇشتى بار[123].

بەس، بۇ ۋاقىئەلەر مەزمۇنىدە ئايتىلغان ھەدىسلەر بۇ تۇرۇر: «ئەد ـ دۇنيا سىجنۇل ـ مۇئمىنىن ۋە جەننەتۇل ـ كافىرىن» ۋە يەنە بىر ھەدىسلەرى بۇدۇركى، «فەسادۇل ـ ئالىم ياخرۇج مىن ئۇلەمائى ئۇممەتى». ئىلاھا، پەزلۇ كەرەمىڭ بىرلە قولداپ، ئالىمى بىئەمەل، دەرۋىشى ئەۋباش، شەيخى جاھىل سۇھبەتىدىن يىراق قىلىپ، دوستلارىڭ، ئاشىقلارىڭ، ئارىفلارىڭ ۋە سادىقلارىڭ بىرلە ھەمسۇھبەت قىلىپ، خاسلار مەجلىسىدىن باشىمنى، بىچارىلىك دائىرەسىدىن كۆڭلۈمنى، ئىمان بارگاھىدىن ئەقلىمنى، شەرىئەت ئەتراقىدىن ئاياغىمنى ئۆيۈرمەغىل؛ بۇ بەيتى قەلبىنى ئەلتاف ئىلكى بىرلە راستلاپ، مەقسەد ھەدەفىغە رەۋانە قىلغىل. يائىلاھۇل ـ ئالەمىن ۋە يا خەيرۇل ـ ناسىرىن. مۇناجاتى مەنزۇمە:

ئىلاھا، قىلمە گۇمراھ بارچە قۇلنى،
ئۆزۈڭ ھادى بولۇپ كۆرسەت بۇ يولنى.[A51]
ئۆزۈڭدىن بولماسە ئەلتافى رەھمەت،
قاچان فەرق ئەيلەگەي بۇ خارۇ گۇلنى.

ئىلاھا، بۇ شەرىئەتدىن ئايىرمە،
ئاياغىم ئەگرى يوللارغە قايىرمە.
ئەسىر ئەتمە شاياتىن لەشكەرىگە،
ھەۋاغە كۆڭلۈم ئىچرە راھ بەرمە.

ئىلاھا، جۇملە بەندەڭ ساڭا مۇھتاج،
ھەمىشە رەھمەتىڭ دەرياسى مەۋۋاج.
ئۆزۈڭ سىيراب قىل بۇ تەشنە لەبنى،
مۇھەممەد ھۇرمەتى ئول شاھى مىئراج.

ئىلاھا، بۇ گۇناھىم ھەددى يوقتۇر،
ۋە لېكىن رەھمەتىڭدىن كۆڭلى توقتۇر.
كىمە قىلساڭ ئەتا تەۋفىقى تەۋبە،
سېنىڭ غەففار ئاتىڭگە ئول تانىقتۇر.

ئىلاھا، سەن ئېرۇرسەن ئالىمى غەيب،
بۇ ئاسىي قۇلدە باردۇر سانى يوق ئەيب.
ۋە لېكىن بىرلىكىڭ زاتۇ سىفاتىڭ
دىلۇ تىل بىرلەدۇر بىشەكۇ بىرەيب.

ئىلاھا، سەنكى سەتتارۇل ـ ئۇيۇبسەن،
كى تا باشدىن ئاياغ بارچە غۇيۇبسەن.
خەتا قىلدۇردى گەرچە نەفسى شەيتان،
بېرىپ جانۇ جەھان، يا رەب، سۆيۈپسەن.

ئىلاھا، تەشنەمەن بىر بادەئى جام،
خەرابات ئىچرە قىل بۇ قۇلنى بەدنام.
مۇھەببەت بىرلە قىل ئەقلۇ[124] دىلىم مەھر،
تاپالماي زىكرۇ فىكرىڭ بىرلە ئارام.

ئىلاھا، ھېچ تائەت قىلمادىم ھەق،
ساڭا قىلغان ئىشىمدا يوقتۇ رەۋنەق.
دېمەكلىككە مېنى بىر يولى بەندەم،
بېرىپ مەن ئىككى ئالەم جاننى مۇتلەق.

ئىلاھا، كەندەلەرنىڭ كەندەسىمەن،
تەمامى خەلقنىڭ شەرمەندەسىمەن.

گەدايى بادە، لېكىن تالىبى ئىشق،
يەنە پىرى مۇغاننىڭ بەندەسىمەن.

ئىلاھا، راست يولغە كىرمەدىم ھېچ،
بۇ ئۆمرىم سۇبھى غەفلەت بىرلەدۇر[125] كەچ.
كۆزۈ كۆڭلۈم سېنىڭ لۇتفۇڭغە نازىر،
خەلاس ئەتكەيمۇ دەپ بۇ پىچ دەر پىچ.[A52]

ئىلاھا، شۇملۇغۇمدىن كۆيدى ئالەم،
بۇ ئايۇ كۈن ئانىڭچۈن تۇتتى ماتەم.
ۋە لېكىن دەرگەھىڭدە بۇ زەئىف ئىت،
ياتار مۇشتاقى ۋەسلىڭ كۆزىدە نەم.

ئىلاھا، مەئسىيەت ئاغىر ھارىپمەن،
بۇ ۋەھمىدىنكى ياشلىكدە قارىپمەن.
دەبان لا تەقنەتۇ مىن رەھمەتتۇللاھ،
گەدايى لۇتفۇ ئىسيانىي بارىپمەن.

ئىلاھا، نەفس ئىتىگە بەندە بولدۇم،
ھەمە ئالەم ئېلىدىن كەندە بولدۇم.
رەھىم، رەھمان دەبان ئەللاھۇ ئەكبەر،
تىلىمدە دىل بىلە تەرسەندە بولدۇم.

ئىلاھا، دەرگە ئەرزىمنى يۈزۈم يوق،
تىلۇ كۆڭلۇمدە بىر لايىق سۆزۈم يوق.
خەيالۇ زېھنۇ ئەقلىم دەر خىجالەت،
يۈرۈرمەن ھەر سارى ھەريان كۆزۈم يوق.

ئىلاھا، قۇل ئاتىم، قۇل فىئلى يوقتۇر،
سەۋاب ئىشتىن مېنىڭ نامىم قۇرۇقتۇر.
كۆرۈپ دەريايى فەزلۇ رەھمەتىڭنى،
بۇ ئاسىي قۇللارىڭنى كۆڭلى توقدۇر.

ئىلاھا، رەھمەتىڭ ئالدىدە بىر خەس،
بولۇر چۈن بارچە ئىسيان ئاندىن ھەم پەس.
سېنىڭ ئەلتافى فەزلىڭ بەھرى بىلەب،
قۇرۇق قالغانى يوق ئالەمدە ھېچ كەس.

ئىلاھا، شۇكرى بىھەد، مۇستەفاغە
مېنى ئۇممەت قىلىپ سەن رەھنەماغە.
شەرىئەت شاھىنىڭ قىلدىڭ گەداسى،
قىلۇرغە بىزنى شايىستە سەفاغە.

ئىلاھا، قىلمە پىرنى ئەمردىن تاش،
ئەمەل يارىنى، يا رەب، ئەيلە يولداش.
زەمانە بولدى ئاخىر، بولدى دىن سۇست،
مېنى ئەغيارلارغە قىلماغىل [A53] فاش.

ئىلاھا، ئەبدىنىڭ سەنسەن پەناھى،
ماڭا كۆرسەتمەگىل سەن ئەگرى راھى.
مۇھەببەت بادەسىدىن ئەيلە سىراب،
كۆڭۈلدە دەردۇ تىلدە زىكرى ئاھى.

## ئونىنچى فەسل فەنا زىكرىدە

فەنا «فا»سى فەقر ئەسبابىن ئەمەلگە كىرگۈزۈپ، ماسەۋەللاھدىن ئۆتمەكدۇر؛ «نۇن»ى نىشان ئەيۋانىن ھەسرەت سەيلابىدە بەرھەم بېرىپ، جۇنۇن ۋادىسىدا مەكان ئەتمەكدۇر؛ «ئەلىف»ى ئەلەم رەنجلەرغە ئىززەت مۇلكىن مۇبەددەل قىلىپ، جەفا مەيدانىغە پۇيە ئۇرماقدۇر. بەس، فەنا ئەجسادى — نەسىمىيدۇر، ئەسەرسىز؛ فەنا مۇرغى — ئەنقايىيدۇر، خەبەرسىز. فەنا — ئەتراقىيدۇر، بىئىنتىھا؛ فەنا — ئەۋراقىيدۇر، بىئىبتىدا. فەنا — بەھارىيدۇر، بىخەزان؛ فەنا — مەنزىلىيدۇر، بىۋەيران. فەنا — شەيئىيدۇر، باقىي؛ فەنا — مەيىيدۇر، ھەم ساقىي. فەنا — دەردىيدۇر، بىئەلەم؛ فەنا — ئەۋسافىيدۇر، بىقەلەم، فەنا — رەقەمىيدۇر، بىھەرف؛ فەنا — شەرابىيدۇر، بىزەرف. فەنا — گەنجىيدۇر، بىمار، فەنا — گۈلىيدۇر، بىخار. فەنا — مۇفلىسىيدۇر، باكەرەم؛ فەنا ئەدەمىيدۇر، بائەلەم. فەنا — ھەياتىيدۇر، بىمەمات؛ فەنا — ساكىنىدۇر، كائىنات.

[بەس]، فەنا بەنا ئەھلىنىڭ تۈبسىز دەرياسى، كېمەسىز كېچەلمەس؛ تالىب خەيلىنىڭ شەرابى، بىپىر ئىچەلمەس. بەيت:

فەنا شەھبازىنى قايسى ئىلىك چۈن تۇتتى، ئۆلدۈردى،
كېلۈرمۇ سەيدى مەقسەد، تا فەنا بولماي بۇ ئىلكىڭگە.
سەدەف ياڭلىغ فەنا دەرياسىغە غەرق ئولمادى ئولكىم،
دۇرى مەتلۇب ھاسىل بولدى تالىب ئەھلىدە كىمگە؟[A54]

غەنا، كىبر[126] جىنسى ئازنى قاف قىلماق بىلە ئىشى، فەنا قافى كۆلفەتلەرنى كەھ قىلمىشى. فەنا — ئەمر شەجەرىنىڭ بەھارى، ھەۋا — تائەت مەتائىنىڭ نارى. فەنا — مۇھەببەت مۇرغىنىڭ بالى، غەنا ئەجسادىنىڭ زەۋالى. فەنا — جەھلى ئىلكىنىڭ تىيرى، فەنا — ئاجىز ئىلكىنىڭ پىرى. فەنا — مەيخانە ئەھلىگە تاج، كىبر ئەھلىغە چۈن بەھرى مەۋۋاج[127]. فەنا — زۇھد خانەقايىدا جەللاد، ئىشق مەيخانەسىدە شاد. فەنا — مۇھەببەت ئايىنەسىنىڭ ئەخكەرى، مەخسۇد مەنزىلىنىڭ راھبەرى. فەنا — زاھىد خەيلىنىڭ يولچىسى، ئاشىق ئېلىنىڭ ئەلچىسى. فەنا — قاف تاغىدۇر، سىيمۇرغى ھىممەت كېرەك، پەرۋاز قىلسە؛ فەنا فەلەك خەيلىنىڭ مەنزىلى كېرەك، چۈن ئىيسا ئاغاز قىلسە. فەنا — مۇرغىيدۇر، پەرۋەرىشى[128] ھىممەت، باشى مۇھەببەت، قاناتى ھەسرەت، قۇيرۇغى جىزب، پەرى سايىرى تائات، دانەسى[129] تەقۋا، سۇيى زىكرى دەۋام، ئۇۋاسى فىكرى مۇدام. ئانى ئالماق ئارزۇ بولسە، خۇلق ئىلكى، خىزمەد دامى، كەرىم دانى كېرەك. بەس، بۇ شەھباز بىلەن ئىسيان قۇشلارىن ئاۋلاپ، ھەۋا جاڭگالىنى ھەسرەت ئاتەشىدە بەرھەم بەرسە بولۇر، يوقسە [ئىمان][130] بازىسىن، ئىسيان زاغلارى بازى قىلماق بىلە ھەۋا جاڭگالىدە ئۆلۈر. بەيت:

كىم بۇ ۋادىيدە فەنا شىرىن ئۆزىگە قىلدى رام،
ئالمادى ئارام بىردەم ئاندا ئىسيان جانۋەرى.
زۇھدۇ تائەت لەشكەرىن كىم يىغدى تا بولماي فەنا،
تارتتى دەم بىر كۈن ئانى ئاڭلا ھەۋانىڭ ئەژدەرى.

بەس، ئىشق[131] ئېلى تائەت [A55] رەختىن تاشلاپ، فەقر نەقدىنى ئالۇر. زاھىد ئىبارەت[132] دەيۇب بۇ نىسبەتتىن قالۇر. زۇھد مەركەبى فەنا بارىغە بېپسەبر بولۇر. چۈن لىجامى شەۋق سىمەندىغە جەبر. فەنا — ئىشق ئەھلىنىڭ جانى، ھەم جانانەسى، ھەم رەفىق، ھەم ھەمخانەسى. زاھىد فەنا مەنزىلىن مەكان تۇتماي، جەھل شەرابىنى يۇتماي، غۇسسە بىلە ھەم كاشانە؛ ئاشىق فەقرى تەرىقىن كېزىپ، ھەۋا ۋە كىبر دەپ بېزىپ، ھەمنىشىنى جانانە. كۆڭۈلدىن فەنا بولماي غەم كېتەرمۇ، مۇھەببەت ھاسىل قىلماي ئىش بىتەرمۇ؟ كىم فەنا بولماي بادە ئىچەر، كۆڭۈل سىررىن ئەغيارلارغە ئاچار. جاھىل ھەۋا ئېلىگە ئەدۇ ھەمىشە فەنا. ئاشىقلار ۋىردى: «رەببەنا فەغفىرلەنا زۇنۇبەنا». فەنا ئەھلى قاچماق بىلە جاھىلدىن قۇتۇلماس، جاھىل جەۋرى غەرىب ئەلدىن ئەسلا ئۇتۇلماس. نەزم:

فەنا جاھىل ئېلىنىڭ باشىدە تاغ،
مۇھەببەت ئەھلىغە گۇل بىرلە يافراغ.

فەنا ۋەيران كۆڭۈللەرنىڭ بىناسى،
ۋە يا بۇ بىدەۋا دەردلەر دەۋاسى.

بۇ مەرھەم كىبىر ئېلىگە بىدەۋا زەخم،
ۋە يا جان ئالغۇچى جەللادى بىرەھم.

ئەگەر چىن[133] تالىبى ھەقسەن، فەنا بول،
بولۇپ بۇ ماسەۋادىن كۆل سەۋا بۇل.

ھەۋا ئىقلىمىنىڭ چۇن شىرى شاھى،
مۇھەببەت دەھرىنىڭ چۇن مىھرۇ ماھى.

بىلىڭ، ھەر ئادەمىيدىن كىبىر كەتمەس،
ئانىڭ مەقسەد ئىشى ئۆلگۈنچە[134] بىتمەس.

خەزانى فەقرنىڭ بۇدۇر بەھارى،
ۋەيا بۇ ئەجز دەشتى لالەزارى.

فەنادىن ئادەمە لۇتف ئەتتى رەھمان،
تەكەببۇردىن نە بولدى ھالى شەيتان.[A56]

بەس، كىبىر — فىرئەۋن، فەنا — تۇفان، كىبىر — شەدداد، فەنا — باد. كىبىر — نارى نەمرۇد، فەنا — خەلىل. كىبىر — كۇفرى، فەنا — ئىمان. كىبىر — نىل، فەنا — مۇسا؛ كىبىر — مۇردە، فەنا — ئىيسا؛ كىبىر — مەجنۇن، فەنا — ئەقل؛ كىبىر — ئۇممىي، فەنا — نەقل. كىبىر — نار، فەنا — ئاب؛ كىبىر — سەنگى خار، فەنا — گەۋھەرى ناياب؛ جاھىل كىبىر بىلە مەغرۇر، باتىنىدە يوق نۇر؛ فەنا كىبىردىن دۇر، فەرمانىدە ھۇرۇ قۇسۇر. ئاشىق ئېلىگە فەناسىز تىرىكلىك يوق، فەناسىز ئەلگە ھەر لەھزە يېتەر يۈز ئوق. فەنا ئەھلىنىڭ مەھرەمى غەم، ھەمدەمى ئەلەم. غىنا[135] ئەھلىگە كوھ، گاھ يەتسە ستەم. فەنا ئەھلى مىڭ تىغ چېكىپ زەخمىن كۆرگۈزمەس؛ ئاشىق جەفا تارتماقلىق بىلە ياردىن كۆڭلىن ئۈزمەس. فەنا ئەھلى ئىگنىدە يىرتۇق چاپان، ئىلكىدە سەفال؛ [مۇھەببەت ئېلى] [136] ئۆزىگە شاھ، ئەلگە پايمال. بەيت[137]:

كۇلاھى تاجۇ ئەتلەس شال ئىگنى كىمكى فەقر ئولسە،
ئەۋەز بۇ تەختى بەختىن، قىلدى ئىبراھىم گەدالىككە.

بەس، ھەر نەۋئى ئادەمنى فەنا دېسە بولماس، زاھىر ئۆلمەك بىلە باتىن ئۆلمەس. فەنا ئولدۇركى، قولدىن كېلۇر ئىشنى ئۆتسە كەچۇرۇپ، ۋە زەھرى بەرگەننى شەھد بىلە خۇش قىلىسە ئىچۇرۇپ. فەنا ئولدۇركى، قاتىل ئېلىگە جان بەرسە، ۋە دۇشنام قىلغانغە نان بەرسە؛ زەخم قىلغانغە مەرھەم، زۇلم قىلغانغە رەھم ئەتسە. ئانداغ ئەلنى فەنا دېسە بولۇر. فەنا نىشانى ئانداغ ئەلدە بىلۇنۇر. مەردلەر فەنا ئىززەت بىلە بولدى، نە ئول غۇربەت بىلە؛ خۇبلار بىرەنج [A57] يەتتى، نە ئول مىھنەت بىلە. شاھلىك مەنسەبىن گەدا نىسبەتىغە بەرسە، فەنا ئولدۇر؛ نە گەدا شاھ ئارزۇسىدە فەنا بولسە، [ئول ] قولدۇر. قىتئە:

دېمەدى ۋەيرانە ئانى گەنجى يوق،
نەشئەسىز كىم قىلدى زاھىرنى فەنا.

ھەر كىمگە مۇيەسسەر بولماس ئەدھەم بولماق،
ھەر زاغدا بۇلبۇل بولماس، ھەر نەخلدە گۇل.

ھەر كوھكەن ئولمادى چۇ پەرھاد،
ھەر تەلبە قاچان بولۇپدۇ مەجنۇن.

ھەر لەيلىيۇ شىرىن ئۆلمادى چۇ دىلبەر،
گەر قىلدى ۋەفاۋۇ ئەھد بىسيار.

بەس، ھەر نامەرد ئىشى ئەمەس فەنا بولماق، مەردانىلەر رەۋشى ئۆلمەيىن ئۆلماق. ئاشىق [ئېلى] قاباب بىلە ئۆزنى بىلدۈرمەس، رىندىلەر شەھبازىغە كۆڭۈل مۇرغىنى ئىلدۇرمەس. فەنا ئېلىگە جاندىن كەچمەي ئۆزنى قاتمە، جەفا ئوقىن زۇلم بىرلە جانغە ئاتمە. ئىخلاس بىرلە كىم نان بىرلە ئىمان بېرۇر، يا جان بېرىپ ئەمرىن قىلسە جانان بېرۇر. مەنزۇرى خاكدىن پاك زەر، مۇرۇ پەشە [ئانىڭ] لۇتفىدىن شىرى نەر. نەزم[138]:

گۇڭۇ گوياۋۇ بەسىر، بىناۋۇ مەجنۇن دانا،
خار رەئنا، مۇردە ئەھيا، كۆر، فەنا مەنزۇرىدە.
گەر تىلەرسەن يارنى تاپقىل فەنا ئەھلىن[139] سوراپ،
دېدى مەن ئەشكەستە[140] بىرلە سورسە مۇسا تۇرىدە.

بەس، فەنا خۇدا بىلە، خۇدا فەنا بىلە. فەنا ئىككى ئىشتىن پەيدا بولۇر: بىرى، ماسەۋادىن كەچمەك، بىرى، شەۋق شەرابىنى ئىچمەك. فەنا ئەھلى بىنىشان، تاپىپ بولماس؛ ئاشىق ئېلى زاھىرنى پىنھان [A58] قىلماي تىنماس؛ جەفا تاشى سانسىز تەگمەي، ۋۇجۇد سىنماس؛ جەفا تاشى ئاجىز بولماي دائىم ئىنماس. نەزم:

يا رەب، مېنى سەن فەنا سارى كامىم قىل،
ھەم جەبرۇ ـ جەفانى تەندە ئارامىم قىل.

ئەلنىڭ ئەلەمىنى ماڭا يولداش ئەيلە،
ھەم فىكرۇ غەمىڭ ماڭا قارىنداش ئەيلە.

ئۆمرۈم بارىنى ئۆشبۇ گەدالىغدە كەچۈر،
شەۋقىڭ مەيىدىن ماڭا، دەما دەم مەي ئىچۈر.

كۆزۈمنى يولۇڭغە ئۆلگۈچە ھەيران قىل،
جانىمنى ئەدەم كويىدە ئىلت قۇربان قىل.

جان مۇلكىنى قىل جەفا بىلە ئارەستە،
دىل سىلسىلەسىن ئۆزۈڭگە قىل پەيۋەستە.

سۇبھ ئەيلەگىل، ئەي، قارا مېنىڭ بەختىمنى،
ۋەسلىڭ ئارا قىل جەفا بىلە رەختىمنى.

نەفسىم ئىتىگە فەنا پەركەند ئەيلە،
شەۋق ۋادىسىدە ھەۋا قۇشىن بەند ئەيلە.

ھىجران ئۆيىدە فىكرى مۇدام ئەت ھوشىم،
زىكرىڭ مەيى قىل ھەمىشە قۇتى نۇشىم.

ئىسيان زەنگىدىن قىلمە بۇ كۆڭلۈمنى قارا،
نادان تىغىدىن قىلمە يۈرەكىمنى يارا.

ۋەسلىڭ ھەرەمىغە پاسىبان ئەيلە مېنى،
ئەغيار ئېلىگە بىنىشان ئەيلە مېنى.

لەئلىڭ مەيى بىرلە ئۆسرۈك ئەت ئويغاتمە،
زاھىد ئېلىگە بۇ ناتەۋاننى قاتمە.
ھىجران غەمىڭغە[141] تۇئمە قىل جانىمنى،
قۇت ئەتسە كويۇڭنى ئىتلارى قانىمنى.

مەيخانە قاشىدە قىل مەزارىمنى مېنىڭ،
ساقىينى فىداسى جانى زارىمنى[142] مېنىڭ.

مەھبۇبلارىڭ ھەققى ئىجابەت ئەيلە،
شەھبازى فەنا ماڭا ئىنايەت ئەيلە.

ئەبدىيغە بېرىپ مەيى مۇھەببەت، يا رەب،
شەۋق ئابىنى قىل كۆڭلىدە [A59] بەھرى بىلەب.

ئىزاھات:

① بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان. C نۇسخىدا «دەيىن» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز C نۇسخىدا «مۇھەببەت» دېيىلگەن.

③ بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

④ بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «ئۆزىنى» دېيىلگەن.

⑤ B، C نۇسخىلاردا بۇ سۆز «ئۇشلاغاي» دېيىلگەن.

⑥ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوق، B نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

⑦ بۇ سۆز B نۇسخىدا «بىۋەفالىقىن»، C نۇسخىدا «بىۋەفالىغىنىڭ» دېيىلگەن.

⑧بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوق، B نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

⑨ بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «زۇلم» دەپ ئېلىنغان.

⑩ بۇ سۆز A نۇسخىدا «ئەمەل» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان.

⑪ بۇ جۈملە B نۇسخىدا «دۇر نجاسەتغە تۇشماق بىلە» دېيىلگەن.

⑫ بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «ئازايتماق» دېيىلگەن.

⑬ بۇ سۆز C نۇسخىدا «تەۋبەسىز» دەپ يېزىلىپ قالغان.

⑭ بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

⑮ بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

⑯ بۇ سۆز C نۇسخىدا «شەباب ئەلىنىڭ» دېيىلگەن.

⑰ بۇ سۆز B نۇسخىدا «دەير ئېلىنىڭ»، C نۇسخىدا «پىر ئەلىنىڭ» دېيىلگەن.

⑱ بۇ سۆز B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

⑲ بۇ سۆز B نۇسخىدا «سېنى» دېيىلگەن.

⑳ بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «تەنىغە» دېيىلگەن.

㉑ بۇ سۆز B نۇسخىدا «سابىرنى» دېيىلگەن.

㉒ بۇ سۆز B نۇسخىدا «بىلسەڭ» دېيىلگەن.

㉓ بۇ سۆز B نۇسخىدا «تۇتەشمەك» دېيىلگەن.

㉔ بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «بىسەبىر» دېيىلگەن.

㉕ بۇ جۈملە B نۇسخىدا «سابىر ئەھلى دەرەختىدۇر، ئۇرماق بىلە بەر بېرەر» دېيىلگەن.

㉖ بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «بولۇر» دېيىلگەن.

㉗ بۇ سۆز A نۇسخىدا «قانى» دەپ يېزىلىپ قالغان، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

㉘ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «سابىرغە» دەپ ئېلىنغان.

㉙ «كى» ئۇلانمىسى B نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى. بۇ جۈملە C نۇسخىدا «سابىر سەييادى جەھل قۇشلارىنى ئاۋلار» دېيىلگەن.

㉚ بۇ سۆز B نۇسخىدا «سابىر ئەھلىغە»، C نۇسخىدا «ئەھلىگە» دېيىلگەن.

㉛ بۇ سۆز C نۇسخىدا «ئۇنىس» دېيىلگەن.

㉜ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «بىسەبىردە» دەپ ئېلىنغان.

㉝ بۇ سۆز A نۇسخىدا «بولماس»، B نۇسخىدا «بىلمەس» دېيىلگەن. C نۇسخىغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

㉞ بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㉟ بۇ سۆز B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㊱ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «بىھۇش» دەپ ئېلىنغان.

㊲ B نۇسخىدا بۇ سۆز چۈشۈپ قالغان.

㊳ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «ئەژدەر بىلە» دەپ ئېلىنغان.

㊴ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «جىزب» دېيىلگەن.

㊵ بۇ سۆز A نۇسخىدا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «ماسەۋۋەللاھتىن» دېيىلگەن.

㊶ بۇ سۆز A نۇسخىدا «دۇنيا سەيرىغە ھەمراھ» دېيىلگەن. A، C نۇسخىلاردا «دۇنيا سارىغە كەمراھ»

دېيىلگەن. مەزمۇنىغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ ئېلىندى.

⑫ كەمراھ

⑬ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «ئەھلىنىڭ» دېيىلگەن

⑭ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «ھەۋاۋۇ» دېيىلگەن.

⑮ بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان؛ B، C نۇسخىلاردا «جىزب ئەھلىنىڭ مۇرادى ئۆلمەكتۇر» دېيىلگەن.

⑯ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «زاھىد» دېيىلگەن.

⑰ بۇ سۆز B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

⑱ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «ئۇزمەدى» دېيىلگەن.

⑲ بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان؛ B، C نۇسخىلاردا «ئاھەننى» دېيىلگەن.

㊿ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «بىۋەفا» دېيىلگەن.

(51) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «ئاتەش» دېيىلگەن.

(52) بۇ سۆز B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(53) بۇ سۆز نۇسخىدا «ياراسىدە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

(54) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B نۇسخىدا «سەن» دېيىلگەن.

(55) بۇ سۆز B، C نۇسخىلاردا «دىگەرگە دېيىلگەن.

(56) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C، D نۇسخىلاردا «جەمال» دېيىلگەن.

(57) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «فۇزۇن» دېيىلگەن.

(58) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(59) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يوق، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(60) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B، C نۇسخىلاردا «تەيران»، D نۇسخىدا «ۋەيران» دېيىلگەن.

(61) بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا «مەيىدە»، B، C نۇسخىلاردا «مەيدىن» دېيىلگەن.

(62) بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك، B، C نۇسخىلاردا «تەسبىھى بىلەن» دېيىلگەن.

(63) بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «بول ھەيىندە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

(64) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «خەيالۇ ئەقلىدىن» دېيىلگەن، D نۇسخىدا «خەيال ئەقلىدىن» دېيىلگەن.

(65) بۇ سۆز A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «بارى» دېيىلگەن.

(66) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ئاشىق» دېيىلگەن.

(67) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «يەتمەس» دېيىلگەن.

(68) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «دىل» دېيىلگەن.

(69) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «بارلىق» دېيىلگەن.

(70) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئاخىرداقى»، D نۇسخىدا «ئاخىر» دېيىلگەن.

(71) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C، D نۇسخىلاردا «بەيت» دېيىلگەن.

(72) بۇ مىسرا A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ئىسيان زەڭگىدىن كۆڭۈل كۆزىنى قىل ساف» دېيىلگەن.

(73) بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(74) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(75) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(76) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «نەزم»، C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.

(77) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «بۇ ئەلنىڭ»، C نۇسخىدا «ئىشق ئېلىنىڭ» دېيىلگەن.

(78) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئالۇر» دېيىلگەن.
(79) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بىسەۋالىك» دېيىلگەن.
(80) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C، D نۇسخىلاردا «بۇرۇن» دېيىلگەن.
(81) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.
(82) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «قەھرىدە بىل» دېيىلگەن.
(83) بۇ سۆز A نۇسخىدا «تۇتى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن يۇقىرىدەك ئېلىندى.
(84) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «چېھرەسىدىن» دېيىلگەن.
(85) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «كۆڭلى» دېيىلگەن.
(86) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(87) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B، C، D نۇسخىلاردا «ئوقۇپ» دېيىلگەن.
(88) بۇ سۆز C نۇسخىدا «ئالتىنچى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان.
(89) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا «سونماك» (سۇنمەك ياكى سەۋىنمەك) يېزىلغان، B، D نۇسخىلاردا «سۇنماق» دېيىلگەن.
(90) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك، C، D نۇسخىلاردا «سۇنماق» دېيىلگەن.
(91) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «مۇھەببەت» دېيىلگەن.
(92) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بىئەشتىياقلىق» دېيىلگەن.
(93) بۇ مىسرا A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. B، C، D نۇسخىلاردا «كويۇڭنى تاشى ئەيلە غەرىب باشىمنى» دېيىلگەن.
(94) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بىلە» دېيىلگەن.
(95) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(96) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(97) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، D نۇسخىدا «بىرلە» دېيىلگەن.
(98) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(99) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(100) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «تىزماس» دېيىلگەن.
(101) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك « تەن» ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا « زەن» دېيىلگەن.
(102) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ئىخلاس» دېيىلگەن.
(103) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «زەمىن» دېيىلگەن.
(104) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(105) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «غەفلەت» دېيىلگەن.
(106) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «خاھ» دېيىلگەن.
(107) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «خامۇش تىلىدىن ئەل زەخمى تاپمادى ھەيات» دېيىلگەن، C نۇسخىدا «خامۇش تىغىدىن ئەل تىغى تاپمادى ھەيات» دېيىلگەن. D نۇسخىدا «خامۇش دىلىدىن ئەل زەخم تاپمادى ھەيات» دېيىلگەن.
(108) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «زەھر» دېيىلگەن.
(109) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «بەيت» دېيىلگەن.
(110) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «كۆزىنى» دېيىلگەن.
(111) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «دېمەس» دېيىلگەن.
(112) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەقبەلە» دېيىلگەن.
(113) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئىھتىراز ئېتىپ» دېيىلگەن.
(114) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(115) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(116) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.
(117) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(118) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «بۇ باغىباندىن گۈل غۇنچەلەر ئالۇر نەم» دېيىلگەن، D نۇسخىدا «بۇ باغىباندىن ئالار نەم» دېيىلگەن.
(119) بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(120) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.
(121) بۇ مىسرا A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «خاجەغەقۇل، نىك ئارا بەد باش ئۆلۇر» دېيىلگەن، C نۇسخىدا «سەدرى نىشىنلەر بارسى ياش ئۆلۇر» دېيىلگەن.
(122) بۇ مىسرا A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «خاسلار ھەم، خارۇ ھەممە كەمبەغەل» دېيىلگەن.
(123) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «نار» دېيىلگەن.
(124) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «جانۇ» دېيىلگەن.
(125) «دۇر» قوشۇمچىسى C نۇسخىدا «تا» دېيىلگەن.
(126) بۇ ئىككى سۆز A نۇسخىدا «فەنا گەردى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان. C نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «كىبر» دېيىلگەن.
(127) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «كىبر مەنزىلىگە چۈن بەھرى ئەمۋاج» دېيىلگەن، C نۇسخىدا «فەنا ـ كىبر مەنزىلىگە چۈن بەھرى مەۋۋاج» دېيىلگەن.
(128) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «پەرۋاسى»، C نۇسخىدا «پەرۋازى» دېيىلگەن.
(129) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «دانى» دېيىلگەن.
(130) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(131) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C، D نۇسخىلاردا «ئاشىق» دېيىلگەن.
(132) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «ئىبادەت» دېيىلگەن.
(133) بۇ سۆز A نۇسخىدا «چۈن» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.
(134) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەلبەتتە» دېيىلگەن.
(135) بۇ سۆز A نۇسخىدا «فەنا» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.
(136) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
(137) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.
(138) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بەيت» دېيىلگەن.
(139) بۇ سۆز C نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، A نۇسخىدا «ئەلنى سوراپ»، B، D نۇسخىلاردا «ئەلنى سورۇپ» دېيىلگەن.
(140) بۇ سۆز B نۇسخىدا «شىكەستە» دېيىلگەن.
(141) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «ھىجران غەمىگگە»، C، D نۇسخىدا «ھىجرانى غەمىگە» دېيىلگەن.
(142) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «جان نىسارىمنى» دېيىلگەن
(143) بۇ سۆز A نۇسخىدا «قاچسە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلاردا بولسا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.
(144) بۇ سۆز A نۇسخىدا «دەھر» دەپ كۆچۈرۈلگەن، B، C، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




توپلاپ رەتلىگۈچى: بوغدا ئابدۇللا

## 1

شىمرا خېنىم ياشلىقىدا جىلۋە قىلىپ تەگكەن ماڭا،
قاش ـ كۆزىنى ئۇينىتىپ گەدىنىنى ئەگكەن ماڭا.

نەچچە يىللار ئۆي تۇتۇپ ئوغۇلنى تاپتۇق قىزلىنى،
پۇلمۇ توگەپ قېلىۋىدى، تاشلىۋەتتى بىزلىنى.

بىزمۇ تاشلاپ چىقتۇق ئەمدى شەرمۇ شەر ھەيران بولۇپ،
شىمرا خېنىم تورپاندا قالدى، ئول شەپشىكى سەرسان بولۇپ.

ئۆزى بولدى شەپشىكى، بىزلەرنى قىلدى ئۇ كەمەك،
چوڭ بولغاندا سەت ئەمەسمۇ ئۇشبۇ سۆزلەرنى دېمەك.

خېنىم خوتۇن ئىشەك بولسا، ئەرزان پۇلغا ساتسامەن،
خېنىم خوتۇن ئىنەك بولسا، توختىماستىن ساغسامەن.

يەنە كەلسە خېنىم خوتۇن، تېگۈرمەن دەپ ئالدىمىغا،
ئۇ قوۋۇقتىن كىرسە خېنىم، بۇ قوۋۇقتىن قاچسامەن.

**ئىزاھات:**

بىر كۈنى شىمرا خېنىم ئاشىنىڭ خېمىرىنى نوغۇچ بىلەن يېيىپ ئولتۇرۇپ، نايىخان خوجىنى نېرىراق ئولتۇر، دەپتىكەن، نايىخان خوجا شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى نانى بېلىگە توگۈپ، شۇ ماڭغانچە يەكەنگە بېرىپ: «مەن ھازىر يەكەندە، بۇنىڭدىنمۇ نېرىراق ئولتۇرايمۇ» دەپ خەت يېزىپتۇ. خەتكە قوشۇپ يۇقىرىدىكى شېئىرنىمۇ ئەۋەتكەنىكەن.

بۇ شېئىرنى ئوقۇپ شىمرا خېنىم ئېرىنى نېرىراق ئولتۇر دەپ قويغىنىغا قاتتىق پۇشايمان

قىپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە قابۇز كاكىر دېگەن ئادەمگە ھەج قىلىش نېسىپ بولۇپ، ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، شىمىرا خېنىم ئۇ كىشىگە ھەرەمدىن يانغۇچە يەكەندىن نايىخان خوجىنى ئالغاچ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. ئۇ ئادەم قايتىش سەپىرىدە نايىخان غوجىنى ئېلىپ، توقسۇنغا كەلگەنگە قەدەر، قورسىقىغا تويغۇچە بىر نېمە بەرمەي، ئات يېتىلىتىپ ئېلىپ كەپتۇ. توقسۇننىڭ بايلىرى ھاجىلارنى كاتتا مېھمان قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ. بۇ زىياپەتكە نايىخان خوجىمۇ داخىل بوپتۇ. شۇ چاغدا قابۇز كاكىر نايىخانغا:

— مېنى تەرىپلەپ نەزمە ئوقۇغىن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ. نايىخان:

— راستىنى دەيمۇ، يالغانىنىمۇ؟ — دەپتىكەن. قابۇز كاكىر:

— ئەلۋەتتە راستىنى دەيسەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىر جاۋاب نايىخان تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپتۇ.

2

مەن يەكەندىن بىللە كەلدىم قابۇز كاكىر بىلەن،
بىلگىنىمدە ماڭماس ئىدىم بۇ لەنتى كاپىر بىلەن.

بىلمىگەنلەر ھاجى دەيدۇ، بىلگەنلەر دەر تۆۋچى،
تۇرپىنىمدا گۈي ئاتايدۇ، يەكەنلەردە شوۋچى.

بۇنى ئاڭلىغان توقسۇن بايلىرى ھەيران بولۇشۇپتۇ. قابۇز كاكىر شۇنىڭدىن كېيىن لۈكچۈنگە كېلەلمەي ئۆمرىنى توقسۇندا ئۆتكۈزۈپتۇ.

3

نايىخان خوجا قاتارلىق تۆت ئادەم بىر ئاتنى مىنگىشىپ لۈكچۈندىكى يېڭى شاھ ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، مۇنۇر مەزىن دېگەن بىر كىشى:

غوجام تۆتى ئات مىنىپتۇ يورغىسى يوق،
قۇدۇقىغا سۇغا بارسا سوغىسى يوق.

غوجامنىڭ تامىلىرىنىڭ دەزى تولا،
يەنە ئۇنىڭ كىشىلەرگە قەرزى تولا.

دېگەنىكەن، نايىخان خوجا جاۋابەن مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

مۇنۇر مەزىن راپىزى چىققى مەسچىتكە،
ئۇنىڭ بەت ئاۋازى يەتتى يىسىكچىككە①.

① يىسىكچىك — كارىزنىڭ نامى.

مۇنۇر مەزىنگە گەپ قىلىپ بولمايدۇ، دورغىسى بار،
ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ كوچىلاردا يورغىسى بار.

4

نايىخان خوجا تەكلىككە ئۈزۈم يېگىلى بېرىپتۇ، تەككە رىھان قارغۇ، ئابدۇل داۋا دېگەن كىشىلەر قارايدىكەن. ئۇلار نايىخاننىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ناچار ئۈزۈم ئاچىقىپ بېرىپتۇ ۋە نايىخانغا:

— ئۈزۈمنى يېدىلە، ئەمدى بىزنى ماختاپ قويىمامدىلا، — دەپتىكەن، نايىخان خوجا:

يوقايىندىن كېلىدۇ رىھان قارغۇ،
ئاياقتىن كېلىدۇ ئابدۇل داۋا.
يېتىشى سۆرۈن ـ سايە،
يېيىشى قىزىل سايۋا.

دەپ بولۇپ، خوش دەپ كېتىپ قاپتۇ.

5

ياڭخى (يانقىر)غا قاراشلىق ئاخۇنبەگ كارىزنىڭ ئىگىسى ئاخۇنبەگ نايىخان خوجىنىڭ تۇغقىنى ئىكەن. بىر قېتىم نايىخان كەپتەر باچكىسى سوراپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئاخۇنبەگ:
— مۈشۈك مۇشۇ چەگزە ياغاچ بىلەن كېلىپ باچكىلارنى يەپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نايىخان:
— ئۇنداق بولسا بۇ چەگزىنى كېسىۋېتەيلى، سەن ئۆگزىگە چىق، مەن ئېغىلدا تۇرۇپ ھەرىدەپ كېسىۋېتەي، — دەپ ياغاچنىڭ يېرىمىنى ھەرىدەپ بولغاندا، چەگزە غاراسلاپ سۇنۇپ كېتىپ ئاخۇنبەگ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ھەمدە چەگزە ياغىچى تېگىپ ئۇنىڭ پوقىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ.
نايىخان بۇنى كۆرۈپ مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

پىر ئەشيا قېنى يىغىپ تۈتتى پەنزىنى،
ئاخۇنبەگ يىقىلدى كېسىپ چەگزىنى.

كەپتەر خانىسىنى يېپىپتۇ لوقاق بىلەن،
ئاخۇنبەگ يىقىلدى پوقاق بىلەن.

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **يۇسۇپ ئىگەمبەردى**

## ئۈچىنچى تەبقە

### شاھفۇر ئىبنى مۇھەممەد نىشاپۇرىي

شاھفۇر ئىبنى مۇھەممەد نىشاپۇرىي خۇش پېئىل، بىلىملىك كىشى بولۇپ، زەھىرىددىن فارىيابىي① نىڭ شاگىرتىدۇر. سۇلتان مۇھەممەد تەكەش② دەۋرىدە مۇنشىلىق(كاتىپلىق) قىلغان. «رىسالەئى شاھفۇرىي» ناملىق كىتاب ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ. ئىستىپا ئىلمىدە (شۇنىڭدەك) ئۇنىۋان ۋە ئىنشائ توغرىسىدىمۇ بىرقانچە رىسالىلەرنى پۈتكەن.

سۇلتان جەلالىددىنىنىڭ ۋەزىرى نۇرىددىن مۇنشىي ۋەھشىي تەبىئەتلىك كىشى ئىدى. ئەتىدىن كەچكىچە شاراب ئىچىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ توغرىسىدا شۇنداق نەقىل باركى، شاھفۇر (ھەپتىنىڭ) تۆت كۈنىدە ئۇنىڭ سالامىغا بارار ۋە ھەر قېتىم خاجە شاراب ئىچىش بىلەن بەند بولاتتى. شاھفۇر ئاشۇ ئەھۋال ھەققىدە مانا بۇ نەپىس رۇبائىينى يېزىپ خاجە (نۇرىددىن)گە ئەۋەتتى.

سەندە بار فەزلۇ كامال، مەيپەرەسلىك سەندە بار،
سەندە بار ئالىي ھىممەت، پەيلى پەسلىك سەندە بار.
قالدى ئول ئاي چېھرىلەر كۆزىدە ھالىڭ سىنىڭ،

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

كى شارابتىن گاھى نۇر، گاھى مەستلىك سەندە بار.

مانا بۇ غەزەلمۇ ئۇنىڭكىدۇر:

زەمانەمۇ پەرىشان يا سېنىڭ زۇلفۇڭ، يا مېنىڭ ھالىم؟
زەررەمۇ ئول بىنىشان يا سېنىڭ ئاغزىڭ، يا مېنىڭ دىلىم؟

تۈنمۇ قارا زىمىستان يا سېنىڭ ھالىڭ، يا مېنىڭ ھالىم؟
بالمۇ ئۇ لەززەتى جان يا سېنىڭ لېۋىڭ، يا مېنىڭ تىلىم؟

ھۆكەرمۇ تىزىق مارجان يا سېنىڭ ئاغزىڭ ئىچرە دۇررى چىشلار؟
قامەتىڭمۇ ئۇ رەۋان يا چىمەن سەرۋى، يا مېنىڭ كۆڭلۈم؟

ۋەسلىڭمۇ راھەتى جان يا مېنىڭ لەتىف گۈزەل شېئىرلىرىم؟
ھىجرىڭمۇ ئۆرتەر يامان، يا مېنىڭ نالەم، يا مېنىڭ مەيلىم؟

قۇياشمۇ ئۇ نۇر ئەفشان يا سېنىڭ يۈزۈڭ، يا مېنىڭ پىكرىم؟
ئاسمانمۇ ئۇ سەرگەردان يا سېنىڭ پەيلىڭ، يا مېنىڭ پەيلىم؟

سۆزلىرىڭمۇ بىئامان يا تەنتەك شامال، يا مېنىڭ شۈبھەم؟
ۋەدەڭمۇ ئەگرى كامان يا سېنىڭ قاشىڭ، يا مېنىڭ بېلىم؟

تاقىتىممۇ ئۇ نىھان يا سەندە ھايا، يا مەندە ۋاپا؟
لۇتفىڭمۇ كۆپ يا پىغان، يا مېنىڭ دەردىم، يا مېنىڭ ھىلىم؟

كۆزۈڭمۇ تۆككۈچى قان يا شاھ قىلىچى، يا پەلەك تىغى؟
غەمزەڭمۇ ئۇ كىسۈۋچان يا جاپا تىغى، يا مېنىڭ تىلىم؟

شاھفۇرنىڭ نەسەبى مەشھۇر ھەكىم ئۆمەر ھەييامغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئۇ ھىجرىيە 600 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 1204 ـ يىلى) تەبرىزدە ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ جەسىتى تەبرىزنىڭ سۇرخاب دېگەن جايدىكى خاجە فەزلىددىن خاقانىي ۋە زەھىرىددىن فارىيابىي يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

ھەكىم ئۆمەرھەيياممۇ نىشاپۇرلۇق ئىدى. ئۇ ناھايىتى پەزىلەتلىك، بولۇپمۇ نۇجۇم ئىلمىدە زامانىسىنىڭ يېتۈك كىشىسى ئىدى. پادىشاھلار ئۇنى ئىنتايىن ئەزىزلەپ ھۆرمەتلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلتان سەنجەر ئۇنى تەختى يېنىدا بىللە ئېلىپ ئولتۇراتتىكەن. خاجە نەسرىددىن تۇسىي③ بۇ ئەھۋالنى ھۇلاكۇخان④ئەرزىگە يەتكۈزۈپ دېگەنكى: «مېنىڭ پەزلىم ئۆمەرھەييامنىڭكىدىن يۈز چەندان ئارتۇق. لېكىن، بۇ زاماندا بىرەرمۇ ئىش ئۆز قائىدىسىدە بولماي قالدى.»

«ئىزتىزھارۇل ـ ئەخبار» (ياد ئېيتىلغان خەۋەرلەر)⑤ ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى: «خاجە نىزامۇلمۇلك تۇسىي، ئۆمەر ھەييام ۋە سەھەن سەبباھ⑥ نىشاپۇردا بىرگە ئوقۇغان ۋە بىللىگە دەرس ئالغاندى.» دەپ ئېيتقان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق يىپى باغلانغاندى. خاجە

نىزامۇلمۇلكنىڭ ئىستىقبال يۇلتۇزى كۆتۈرۈلۈپ، ئېتىبار تېپىپ مەملىكەتكە ۋەزىر بولغان چېغىدا، ھەسەن سەبباھ ۋە ئۆمەر ھەييام خاجە (نىزامۇلمۇلك) بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىدە ئىسفاھانغا باردى. نىزامۇلمۇلك بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن خاجە ئۇلارنىڭ پايە قەدەملىرىگە تۇرلۇك ئىززەت ۋە ئىكراملار كۆرسەتتى. ئارىدىن مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، خاجە ئۇلاردىن نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سورىدى، ئۆمەر ھەييام دېدىكى: «بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىم شۇكى، ماڭا تىرىكچىلىك مائاشىنى نىشاپۇردىن تەيىن قىلساڭ، پاراغەتتە كۈن كەچۈرسەم.» خاجە نىزامۇلمۇلك بۇنىڭغا قوشۇلدى. كېيىن ھەسەن سەبباھقا قاراپ: «سەن نېمە دەيسەن؟» دېدى. (ھەسەن سەبباھ) جاۋاب قىلدى: «مەن دۇنياۋى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆپرەك ئىلتىپات قىلىمەن.» خاجە ئۇنىڭغا ھەمەدان ۋە دىنەۋەرنىڭ ھاكىملىقىنى بەردى. (لېكىن)، ھەسەننىڭ مەقسىتى خاجە نىزامۇلمۇلك ۋەزىرلىكىگە شېرىك بولۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ (بېرىلگەن) مەنسەپنى قوبۇل قىلمىدى. ۋە خاجەدىن دىلى ئاغرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. كېيىن سۇلتان مەلىكشاھ مۇلازىملىرى بىلەن دائىمىي ئالاقە ئورناتتى ۋە ئۇلار بىلەن نەرد ۋە شەترەنج ئويناشقا مەشغۇل بولدى. شۇ يول بىلەن سۇلتاننىڭ يېقىنلىرى ۋە مۇلازىملىرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. (ئۇلار ئارقىلىق) سۇلتاننىڭ ئەرزىگە (مانا بۇلارنى) يەتكۈزدى: «يىگىرمە يىلدۇركى، سۇلتان پادىشاھلىق قىلماقتا، ئۇ مەملىكەتتىن نە مىقدار مال[7] جەملىنىپ، نە مىقدارنى خەرج قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەلۋەتتە ۋاقىپ بولۇشى زۆرۈر. سۇلتان خاجە نىزامۇلمۇلكنى چاقىرتىپ دېدى: مەملىكەت بويىچە جەملىنىدىغان، سەرپ قىلىنىدىغان مالنى قانچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ـ كىتاب قىلىپ بېرەلەيسەن؟» خاجە جاۋاب قىلدى: «پادىشاھ سەلتەنىتى تۇپەيلى، بۈگۈن مەملىكەت چېگرالىرى كاشغەردىن ئەنتاكىيە[8] ۋە رۇمغىچەدۇر. ئەگەر ئەستايىدىل تىرىشىپ ھەرىكەت قىلساق، مۇقەررەركى بىر يىل ئىچىدە بۇ ئىش ئاخىرىغا يەتكۈزۈلۈر». ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇقى ھەسەن سەبباھ سۇلتان ئالدىدا يەنە تىز چۆكتى: «ئەگەر سۇلتان بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسا ۋە قولۇمنى ئۇزارتسا، قىرىق كۈن ئىچىدە پۈتتۈرۈپ، (ئۇنىڭ ئەرزىگە) يەتكۈزىمەن». سۇلتان دەپتەرخانىنىڭ[9] ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە بۇيرىدىكى: «ھېسابچىلار ۋە مۇستەففىيلەر[10] ھەسەننىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، بۇ ئىشنى قىرىق كۈندە پايانىغا يەتكۈزسۇن.» ھەسەن دەپتەر ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى. قىرىق كۈن يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ئۇ ئىشنى پايانىغا يەتكۈزەي دەپ قالدى. خاجە نىزامۇلمۇلك بۇ ئىشنىڭ ھەسەننىڭ قولى بىلەن ئاخىرلىشىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندى. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ھىيلە ۋە تەدبىر ئىشلەتتى، ئۆز چۆھرىسى[11] گە كۆپ ئالتۇن ۋە مال بېرىپ ھەسەننىڭ چۆھرىسى بىلەن دوستلىشىشنى بۇيرۇدى. (نىزامۇلمۇلك) چۆھرىسىگە يەنە مۇنداق دېدى: «قىرىقىنچى كۈنى ھەسەن ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرىنى يەكۈنلەپ كېلىدۇ. ئىككىلىمىز ئۇنى سۇلتان دەرگاھىغا ئېلىپ بارىمىز. سەن (يولدا) ھەسەننىڭ چۆھرىسىگە: «قېنى خاجەڭ دەپتىرىنى كۆرەيچۇ، ئۇ نېمىلەرنى يېزىپتۇ. بۇ دەپتەر يېڭىمۇ ياكى مېنىڭ خاجەمنىڭمۇ؟ دېگىن. ھەسەننىڭ دەپتىرى قولۇڭغا چۈشۈشى بىلەن (ئۇنى) ئاستىن ـ ئۈستۈن ۋە قالايمىقان قىل!» ئۇلار شۇنىڭغا كېلىشتى ۋە خاجە (نىزامۇلمۇلك)نىڭ چۆھرىسى قىرىقىنچى كۈنى ھەسەننىڭ دەپتىرىنى (شۇ تەرىقە) قالايمىقان قىلدى. خاجە نىزامۇلمۇلك ۋە ھەسەن سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشتى. سۇلتان ھەسەنگە قاراپ دېدى: «دەپتەرنى مۇكەممەل قىلدىڭمۇ؟» ھەسەن جاۋاب بەردى: «ھە، مۇكەممەل بولدى.» سۇلتان: «ئۇنداق بولسا دەپتەرنى كەلتۈر» دېدى. ھەسەن دەپتەرنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا قويۇپ ئاچتى. سۇلتان رەي خۇسۇسىدا سورىغانىدى. رومغا تېگىشلىك ۋاراق ئېچىلدى. ھەسەن بىلدىكى، خاجە نىزامۇلمۇلك ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپتۇ. (ھەسەننىڭ) كۆڭلى پەرىشان بولدى. قول، پۇتى بوشىشىپ دەپتەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. سۇلتان ئۇنىڭغا قاراپ

ئىسقىرتتى: خاجە (نىزامۇلمۇلك) شۇ ھامان (سۇلتانغا) ئەرز قىلدى. «ئەي، خۇدانىڭ بەندىسى، مەن بۇ ئادەمنىڭ سەۋدايى ئىكەنلىكىنى باشتىلا بىلگەنىدىم. لېكىن، پادىشاھىمىز مەجبۇر قىلغانلىقتىن قارشىلىق كۆرسىتەلمىدىم. ئاخىر قانداق قىلىپ بۇقەدەر چوڭ مەملىكەت كىرىم ـ چىقىمىنى قىرىق كۈندە ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن؟» مەجلىس ئەھلى خاجەنىڭ بۇ سۆزىنى ماقۇللاپ، ھەسەنگە مەلامەت قىلىشتى، سۇلتان ھەسەننى دەرھال دەرگاھىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئىسفاھاندا يوشۇرۇن رەۋىشتە ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ يۈردى. ئۇنىڭ ئەبۇلفازىل دېگەن رەئىس[12] دوستى بار ئىدى. ئۇ (ئاخىر) شۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىن پاناھلىق تاپتى. رەئىس (ئەبۇلفەزىل) ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. ھەسەن بولسا ئۇنىڭغا ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇنى زىندىقلىق ۋە بىدئەت مەزھىپىگە كىرگۈزۈشنىڭ پېيىگە چۈشتى.

ئۇ بىر كېچىسى رەئىس (ئەبۇلفەزىل)گە: «ئەگەر بىرەر يەكدىل ۋە ھەمجەھەت دوستۇم بولغاندا، بۇ تۈركمەننىڭ پادىشاھلىقى ۋە بۇ سەھرالىقنىڭ ۋەزىرلىكىگە پۈتۈنلەي بەھرام بېرەر ئىدىم» دېدى. رەئىس (ئەبۇلفەزىل): «بۇ ئادەم كاشغەردىن تاكى مىسىرغىچە سوزۇلغان مەملىكەتنى پەقەت بىر دوستى ياردىمىدە قانداق يوق قىلالار، بەلكىم ئۇ سەۋدايىلىق دەردىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغاندۇر» دېگەن مۇلاھىزىگە باردى.

رەئىس ئاشۇ كۈندە بادامنىڭ يېغى بىلەن ئافتىمۇن[13] ئېلىپ كەلدى ۋە (ئۇلارنى) زەفىرەڭگە قوشۇپ بىر دورا تەييارلىدىكى، ئۇ دورا سەۋدايىلىقنى ساقايتار ئىدى. ھەسەن شۈبھىلىنىپ، رەئىسنىڭ ئۆيىدىن قاچتى. دەيلەم كوھىستاندىكى ئەلەمۇت[14] قەلئەسىگە كېتىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

قەلئە كۇتۇۋال[15] ىنى ئالدامچىلىق بىلەن ئۆز مۇرىتىغا ئايلاندۇردى. (ھەسەن سەبباھ) ھەر ۋاقىت قەلئە سىرتىدىكى غاردا ئىستىقامەت قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. قەلئە كۇتۇۋالى ئۇنىڭدىن قەلئە ئىچكىرىسىگە كىرىپ تۇرۇشنى سورىدى. ھەسەن (سەبباھ) جاۋاب قىلىپ: «مەن بىراۋنىڭ مۈلكىدە ئىبادەت قىلمايمەن، ماڭا قەلئە ئىچىدىن بىر ئۆكۈز تېرىسىگە سىغىدىغان يەرنى ساتقىنىڭكى، تاكى مەن ئۆز مۈلكۈمدە تائەت ـ ئىبادەت قىلغان بولاي.» دېدى. كۇتۇۋال (قەلئە ئىچىدىن) بىر ئۆكۈز تېرىسى چوڭلۇقىدىكى يەرنى ئۇنىڭغا ساتتى. ھەسەن قەلئە ئىچىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ قەلئەنىڭ بارلىق خەلقىنى ھىيلە ئىشلىتىپ مۇرىت قىلىۋالدى. كېيىن ئۆكۈز تېرىسىدىن يىپ ئېشىپ، قەلئە دەرۋازىسىنىڭ بىر قانتىدىن باشلاپ سېپىلنى ئايلاندۇرۇپ قەلئە دەرۋازىسىنىڭ ئىككىنچى قانتىغىچە تارتىپ كەلتۈردى. ئەتىسى ئەتىگىنى قەلئە ھاكىمىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا: «ئەمدىلىكتە قەلئە مېنىڭ مۈلكۈم، چۈنكى ئۇ ماڭا سېتىلغان. (بۇنىڭدىن كېيىن) مېنىڭ مۈلكۈمدە تۇرماي، قەلئەدىن چىقىپ كەت!» دېدى. قەلئە ئاھالىسى ھەسەن (سەبباھ)قا مۇرىت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھاكىم ئىلاجىسىز ھالدا قەلئەنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

ھەسەن سەبباھ شۇ تەرىقىدە ھىيلە ـ مىكىر يولى بىلەن قەلئەنى ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭ باھاسىنى رەئىس ئەبۇلفەزىلگە يېزىپ ئەۋەتتى. مەكتۇبىدا ئۇ مۇنداق دېدى: «ھازىرغىچە بىرمۇ دوستۇم يوق، يۆلەكسىزمەن. ئەگەر يار ۋە دوستقا مۇيەسسەر بولسام ئىشلىرىم يەنىمۇ يۇرۇشۇپ كەتكۈسىدۇر.»

ئۇ مەلئۇن، كىشىلەرنى گۇمراھ قىلىش نىيىتىدە زىندىقىيە ۋە بىدئەت مەزھىپىگە دەۋەت قىلىپ ئەتراپىغا تەشۋىقاتچىلارنى ئەۋەتتى. ئىران ۋە تۇراندىكى كۆپىنچە خەلق كۆپ يىللار ئاشۇ يىرگىنچلىك ئاپەتكە گىرىپتار بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بۇنىڭدىن زىيادە زىكىر قىلىنىشى قىسسىمىزنى ئۇزارتىۋېتىدۇ.

ھۇلاكۇخان دەۋرىدە كۆپ قىسىم قەلئە ۋە مۇستەھكەملەنگەن جايلار ئىشغال قىلىنىپ، بۇلارنىڭ

سەلتەنىتىمۇ يىمىرىلدى. خاجە نەسىرىددىن تۇسىي بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى قىتئەنى ئېيتقان:

ئالتە يۈز ئەللىك تۆت يىل دەۋر سۈردى ئەرەب،
زۇلقەئدە ئېيى ئاۋۋالقى دۈشەنبىسى كەلگۈنچە تا.
چۈشتى تەختتىن سەمائىلىي پادشاھى خۇرشاھ ئۇل كۈنى،
چۈكتى تىز ھۇلاكۇ تەختى ئالدىدا پۇتكۇل ماسىۋا.

## جەمالىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇرەززاق ئىسفاھانى⑯

ئىسفاھاننىڭ كاتىپلىرى ۋە ئالىملىرىدىن بىرى، ئۇ كۆپ مەرتىۋە ۋە يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكەن شېرىن سۆزلۈك شائىر. كەمالىددىن ئىسمائىل ئىسفاھانىي ئۇنىڭ ئوغلىدۇر. سۇلتان ئۇلۇغبەگ كۆرەگان جامالىددىن مۇھەممەد (ئىبنى) ئابدۇرەززاق سۆزلىرىنى كەمالىددىن ئىسمائىلنىڭ سۆزلىرىدىن ئارتۇق كۆرەتتى ۋە شۇنداق دەيتتى: «ئەجەبا، ئاتىنىڭ سۆزلىرى پاكىزرەك ۋە شائىرانىرەك. لېكىن، بۇ سەۋەبتىن ئوغۇلنىڭ سۆزلىرى شۆھرەت تېپىپتۇ.» بۇ دەۋا دەلىلسىز بولۇپ بۇ كىبىرلىنىشتۇر. چۈنكى، كەمالىددىن (ئىسمائىلنىڭ) سۆزلىرى نازۇك، زاھىرى ئاسان، مەزمۇنى چوڭقۇردۇر. ئەمما، پادشاھلار سۆزىگە شەك كەلتۈرمەككە ئاۋامنىڭ ھەققى يوق. (يەنى): پادشاھلار سۆزى ـــ سۆزلەر پادشاھىدۇر.»

خاجە جەمالىددىن ئىبنى ئەبدۇرەززاق سۇلتان جەمالىددىن خارەزمشاھ⑰ ھۆكۈمرانلىقى يىللىرىدا مەيدانغا چىقتى ...

سۇلتان جەلالىددىن خارەزمشاھ مەرد، شىجائەتلىك، خۇش پېئىل ۋە مۇناسىۋەتكە ماھىر پادشاھ ئىدى. ئاتىسى سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ موغۇل لەشكەرلىرىدىن قېچىپ كابۇل تەرەپكە راۋان بولدى. چىڭگىزخان ئالدىن يۈرەر لەشكەرلىرىنى جەلالىددىننىڭ كەينىدىن ئەۋەتتى. سۇلتان جەلالىددىننىڭ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ماجالى يەتمىدى. ئەمما، كابۇلغا قاراشلىق پەنجھىر⑱ جېڭىدە موغۇل لەشكەرلىرىنى تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ ئۇنى قوغلاشقا مەجبۇر بولدى. جەلالىددىن پايى مۇرغ ۋە قارشىدىن كۆچۈپ جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتتى. ئۇ بامىيان ئارقىلىق غەزنىگە قاراپ يۈردى. سىند دەرياسىنىڭ بويىدا ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى قاتتىق تۇتۇشتى. سۇلتان جەلالىددىننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈچى يەتمىدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تارقىلىپ كەتتى. چىڭگىزخان دەريا بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، جەلالىددىن بولسا ئات بىلەن ئۆزىنى سىند دەرياسىغا ئېتىپ ئۈزۈپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ھالنى چىڭگىزخاننىڭ لەشكەرلىرى كۆرۈپ تۇردى. جەلالىددىن دەريانىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا چىقىپ ئاتتىن چۈشۈپ، نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى نەيزىسىگە ئېسىپ قويۇپ يەردە ئولتۇردى. چىڭگىزخان دەريا بويىغا كېلىپ سۇلتان جەلالىددىننىڭ مەردانىلىكىگە ئاپىرىنلار ئوقۇدى ۋە سۇلتاننى چاقىرىپ: «ئەي شاھزادە، سېنى چىرايلىق ۋە سەرۋى قامەت دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئورنۇڭدىن تۇر، قەددى ـ قامىتىڭنى بىر كۆرەي.» سۇلتان جەلالىددىن قامىتىنى رۇسلىدى. چىڭگىزخان يەنە چاقىردى: «ئەي شاھزادە، ئولتۇرۇۋەر، سېنىڭ قەددى ـ قامىتىڭ مېنىڭ ئاڭلىغىنىمدىن يۈز چەندان زىيادە ئىكەن.» سۇلتان جەلالىددىن ئولتۇردى. چىڭگىزخان يەن چاقىردى: «ئىستىكىم شۇ ئىدىكى، ئۆمرۈمنى ئاۋات قىلساڭ. (مەيلى) ئەمدى سالامەت كېتىۋەر.» (شۇنىڭدىن كېيىن) چىڭگىزخان دەريا بويىدىن ئارقىغا قايتتى.

سۇلتاننىڭ قېشىدا بارى ـ يوق يەتمىشچە كىشى ئامان قالغانىدى، ئۇلار سۇلتان جەلالىددىننىڭ

ئالدىغا كېلىشتى. (ئۇلار) گىبرىك ۋە سوۋاد[19] تەرىپىدىن مۇلتانغا كېتىۋاتقان ئافغان كارۋىنىنى لاھورغا يېقىن جايدا بۇلاپ ئۆزىنى كۈچەيتىۋالدى. تۆت يۈزگە يېقىن قورالانغان ئافغانمۇ سۇلتانغا كېلىپ قوشۇلدى. شۇ چاغدا بەلخنىڭ دەرەيى ئەنجىر دېگەن جايدا موغۇللاردىن قورقۇپ قاچقان لاچىن ھەزارىسى[20] (ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي ئەسلى شۇ ھەزارىدىن چىققانىدى.) قالغان سەككىز يۈز كىشى بىلەن كېلىپ سۇلتانغا قوشۇلدى. ئۇلار كېيىنچە كەركەسىبۇل قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. مۇلتان پادىشاھى سۇلتان جەلالىددىن بىلەن سۈلھە تۈزدى. ھىندىستان پادىشاھى ئەلائوددىن كەيقۇبات[21] قىزىنى سۇلتانغا بەردى. سۇلتان جەلالىددىن ھىندى دەرياسى بويىدا ئۈچ يىل يەتتە ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ دەشتى قىپچاق[22] تەرەپكە قايتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھىندى دەرياسىدىن كاج ۋە مەكران[23] يولى بىلەن كىرمانغا كەلدى. ئاتىسىنىڭ (يەنى سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ) ئەمىرلىرىدىن بىرى بولغان ۋە كىرمان ھاكىمى بەراق ھاجىپ سۇلتاننى قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا كۆپ پۇل ۋە ئىنئاملارنى بەردى. سۇلتان كىرماندىن فارسقا كەلدى. ئاتابەگ سەئد ئىبنى زەنگى[24] ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا پېشكەش[25] بەردى. ئەمما، ئۆزى قەلئەدىن چىقمىدى. سۇلتان ئىسفاھان، ئىراق ۋە ئەزەربەيجاننى بويسۇندۇردى. خۇراسان، ئىراق خەلقى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن شاد ـ خۇرام بولۇشتى. موغۇل شىھنە[26]لىرىنى ئىسىپ ئۆلتۈرۈشتى، مۇردىلىرىنى بولسا كۆيدۈرۈپ تاشلاشتى.

سۇلتان جەلالىددىن بىرنەچچە يىل ئىران زېمىنىنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ياخشى ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى غىياسىددىن بەزمىدە مەي ئىچىپ ئىسسىق يوقىتىپ سۇلتاننىڭ خاس كىشىلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. كېيىن ئۇ قىلغان قىلمىشىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېچىپ كەتتى ۋە بىر نەچچە قېتىم سۇلتان جەلالىددىنگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئاخىر كىرمان ھاكىمى بەراق ھاجىپ ... تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. پادىشاھلىق تاكى ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك موغۇل قوشۇنى نەھمە ۋە شىمتاي باشچىلىقىدا يەنە ئىرانغا باستۇرۇپ كىرگىنىگە قەدەر ئۇزاق ۋاقىت سۇلتان جەلالىددىن قولىدا تۇردى. سۇلتان ئىسفاھاننى تاشلاپ، يەنە موغۇل قوشۇنىدىن قاچتى ۋە ئەزەربەيجانغا كەلدى، لېكىن ئۇ جايدىمۇ تۇرالماي بىدلىسكە باردى. مەلىك ئەشرەف[27] ئۇنىڭغا قىزىنى بەردى. موغۇل لەشكەرلىرى ئۇنى قەستلەش ئۈچۈن بىدلىسكە قاراپ يۈردى. مەلىك ئەشرەف موغۇل لەشكەرلىرىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى مېنى ئۆز تەۋەلىكىدىن قوغلاپ چىقىرىش دەپ گۇمان قىلدى. بىر كېچىسى موغۇل لەشكەرلىرى شەھەر ئاستانىسىدە پەيدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا سۇلتان جەلالىددىن بولسا ئەشرەفنىڭ قىزى بىلەن ئۇخلاپ ياتقانىدى. (مۇلازىملار) سۇلتاننى ئويغىتىپ، موغۇل لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. سۇلتان مەلىك (ئەشرەف)نىڭ قىزىغا: «ئاتاڭ توغرا ئېيتىپتىكەن، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ماڭا قىلتاق قويۇۋاتىدۇ دەپ قاپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ماڭا يولداش بولۇپ قالالارسەنمۇ؟» دېدى. خوتۇنى: «ھەئە، بولىمەن.» سۇلتان ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ يېرىم كېچىدە بىدلىستىن قاچتى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزى يالغۇز قاچقان.

قىسسىگە كەلسەك، سۇلتان ئۆزىگە مىراس قالىدىغان مەملىكەتتىن ۋاز كېچىپ بىر مەزگىل سەھرا ۋە باياۋانلاردا يۈردى. سۇلتاننىڭ ئاخىرقى تەقدىرى تارىخچىلارغا مەلۇم بولماي قالدى. بەزىلەر سۇلتاننىڭ ئېتى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى دەپ ئۇنى قەستلەپ ھالاك قىلغان، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر، سۇلتان سەلتەنەت ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، قەلەندەرلەرچە كىيىنىپ روم ۋە شامدا ئىستىقامەت قىلغان، ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنى تونۇمىغان. ئون يىلغىچە كىشىلەر گاھى ـ گاھىدا «سۇلتان پالانى جايدا پەيدا بوپتۇ.» دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى بۇ خەۋەردىن زىيادە سۆيۈنۈپ ناغرا

چالدۇرۇشاتتى ھەمدە موغۇل پاسىبانلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى. لېكىن، بۇ خەۋەرلەرنىڭ ئاساسى يوق ئىدى. ئاقىۋەتتە كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار موغۇللارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. سۇلتاننىڭ داڭقى ئەنقانىڭ داڭقىغا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بولسا كىمىيا ۋۇجۇدىغا ئوخشايتتى. ھەقىقەتلەر تۇغۇلۇشنى ئاچقۇچى شەيخ رۇكنىددىن ئەلائۇددەۋلە سىمنانىي[28]دىن نەقىل قىلىدۇكى، ئۇ كىشى شۇنداق ئېيتقانىكەن: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن پىرىم نۇرىددىن ئەبدۇرەھمان ئىسفەرائىينىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم، شەيخ مەجلىسنى تاشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، مۇرىتلىرى ۋە سۆھبەتداشلىرى بولسا تۇتۇپ قېلىندى. شەيخ شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز خانىقاغا قايتىپ كەلمىدى. مۇرىتلار: شەيخىمىزگە نېمە بولغاندۇ، بىرەر دۈشمەن ئۇنىڭغا قەست قىلغاندىمۇ؟ دەپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشتى ۋە ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار تاكى باغدادنىڭ خارابىلىكلىرى ۋە بوستانلىقلىرىغىچە قويماي ئىزدەشتى. (بىر كۈنى) ناماز شام ۋاقتىدا تويۇقسىز (شەيخ) خانىقاغا كىرىپ كەلدى. (بۇنىڭدىن) مۇرىتلىرى تولىمۇ سۆيۈندى. مەن شەيختىن بىر نەچچە كۈن يوقىلىپ كېتىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. (ئۇ كىشى): «سۇلتان جەلالىددىن سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ دەرۋىشلەر جامائەسىگە كىرگەنىكەن. بىر نەچچە يىل تائەت ـ ئىبادەت ۋە سۇلۇك بىلەن مەشغۇل بولۇپ ۋەلىيلىك دەرىجىسىگە يېتىشكەن. (ئۇ) شۇ كۈنلەردە باغدادقا قاراشلىق سەرسەر قىشلىقىدا جەندە ياماش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈپ تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە يېتىپتۇ. بۇ ھەقتە غايىب ئالەمدىن ماڭا خەۋەر كەلدى. (شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قىشلاققا) باردىم ۋە ئاشۇ كۈنى ئۇنى يۇيۇش ۋە كېپەنلەپ دەپنە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم ...»

## رۇكنىددىن قۇبائىي[29]

رۇكنىددىن قۇبائىي مەشھۇر شائىر، ئەسىرىددىن ئۇممەنىينىڭ[30] شاگىرتى، فۇرى بەھائىي جامىينىڭ[31] ئۇستازى. ئۇ ئەسلىي تۈركىستانلىق بولۇپ، ساياھەت قىلىپ ئىران، ئىراقلارغا كېلىپ قالغان؛ ئىسفاھاندا بەدرىددىن جاجىرمىي بىلەن چېلىشقان ۋە مۇشائىرە قىلغان. ئۇنىڭ شېرىن سۆزلۈكلىكىگە كەلسەك، ئۇنىڭ سۆزلىرى بەدرىددىن جاجىرمىينىڭ سۆزلىرىدىن پاساھەتلىك. قۇبائىي بەدرىددىن جاجىرمىينىڭ ئۇستازى شائىر مۇجىرىي (بەيلەقانىي) بىلەن دەۋرداش.

مەۋلانا رۇكنىددىن (قۇبائىي) خاجە ئىززىددىن ھەققىدە مانا بۇ قىتئەنى ئېيتقان:

نە بولغاي بۇ مەسەل ئاخىرى مەخدۇم،
قاچانغىچە مەن ئازاب قولىدا مەزلۇم؟

ئون يىل شۇ دۆلەت دەپ چەكتىم مەن زەخمەت،
ئاقىۋەت قالدى دىل مۇرادتىن مەھرۇم.

يولۇم مەن بەندىنىڭ خىزمىتى دۇئا،
ھەيران قىلدى ئاخىر ھەر ئىككى يولۇم.

دۇنيا يامان، دەۋران ستەمكار ئىكەن،
ئادەملەر تولىمۇ جاھىل ۋە زالىم.

بىبەھرە ئەمەسمەن ئىلمۇ ھۈنەردىن،
بىگانە ئەمەستۇر ساڭا ھەم ئىلىم.

سەن نە قاششاقسەنۇ، مەن نە بايدۇرمەن،
سەن نە خىزمەتكار سەن ۋە مەن نە مەخدۇم.

سەن ھامان پادشاھ سەن، مەن ھامان قۇلمەن،
سەن ھامان ھاكىمسەن، مەن ھامان مەھكۇم.

پادشاھ پەزىلىتىن ئەزىمدۇر بول بەيت،
خۇدا راھەت قىلغۇر سەنائىي مەرھۇم.

نە قىلساڭ قىلىۋەر ئىختىيار سەندە،
ئىستە، بەر مۇكاپات، ئىستە قىل ھۆكۈم.

قۇبا تۈركىستان چېتىگە جايلاشقان گۈزەل بىر ۋىلايەت، بۇرۇن چوڭ شەھەر ئىكەن، ئەمما ھازىر خارابىلىككە ئايلانغان. شۇ چاغلاردا بۇ يەردە موغۇل ۋە قالماق ياشىغان.

## تۆتىنچى تەبىقە

بۇ تەبىقىدە يىگىرمە پەزىلەت ئىگىسى سۆزلىنىدۇ. ئاخىرىدا شائىرلار بايان قىلىنىدۇ. بەزى ۋەھدانىيەتچىلەر ۋە دانالار چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ۋە ئۆتكۈر تەپەككۇرى بىلەن ئېرپان دەرياسىدىن دۇردانە چىقىرىشقانىدى، بۇ تەزكىرىدە ئۇلار ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ.

### شەيخ ئىزىددىن پۇرھەسەن ئىسفەرائىنىي

شەيخ ئىزىددىن پۇرھەسەن ئىسفەرائىنىي مەرىپەتلىك، ۋەھدانىيەتچى ۋە سوپى سۈپەت كىشى ئىدى. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار شەيخى شەيخ ئەلى لالانىڭ ئىزباسارلىرىدىن. شەيخ جەمالىددىن ئەھمەد زاكىرنىڭ مۇرىتىدۇر. ياخشى كىشى، ئۇ گەرچە ئەۋلىيالار نەسەبىدىن بولسىمۇ، شائىرلىقتىمۇ يېتۈك كىشى ئىدى. تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى ياخشى ئېيتاتتى. تۈركچە شېئىرلىرىدا «ھەسەن ئوغلى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. ئۇنىڭ دىۋانى رۇم ۋە ئەزەربەيجاندا مەشھۇردۇر. مانا بۇ غەزەل ئۇنىڭ دىۋانىدىن ئېلىنغان:

ئەفتادە ھالدۇر بىرەھىم ئول شوخ نىگارىم، نە قىلاي؟
ئويلاپ دىلىمدا قالمادى سەۋرى قارارىم، نە قىلاي؟

ناله قىلىپ قاچانغىچە تەنبىھ ئالۇرمەن ئەل ئارا،
كۆيدى دىلىم ھەقىقەتەن، مەن ئاشقى زارىم، نە قىلاي؟

كۆرسەتسە گەر ئاي يۈزلۈكۈم بىر كۈن كېلىپ دىدارىنى،
يولتۇز سانالماي كېچىلەر ئۆرتەنسە بارىم، نە قىلاي؟

ئالدى مېنىڭ دىلىمنى يار، بەرمىدى ماڭا ئېتىبار،
قالدىم يارسىز، يۈرەكسىز، يوقتۇر دىيارىم، نە قىلاي؟

يىقىتسا ئاياغدىن يار غېمى بارمۇ بۇنىڭ داۋاسى ھېچ،
ئىشقىدا ئايلىنۇر باشىم، يوق ئىختىيارىم، نە قىلاي؟

ئىككى جاھاندا دوست ئېتۇر ھۆسنى زىيادىلارنى خۇدا،
پۈرى ھەسەن ئېيتۇر، بۇگۈن يوق دوستۇ يارىم، نە قىلاي؟

## فەخرىددىن بەناكەتي㉜

فەخرىددىن بەناكەتي دانىشمەن ۋە پەزىلەتلىك كىشى. سۇلتان ئەبۇسەئىدخان دەۋرىدە ئۆتكەن بولۇپ، «تارىخى بەناكەتي»نى يازغان. ئۇنىڭدا خىتا پادىشاھلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ھىندىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى، رۇم ۋە باشقا (مەملىكەت ۋە خەلقلەر)نىڭ ئەھۋالىنى كەڭ ۋە تەپسىلىي ھالدا بايان يېپىغا تىزىلغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تارىخچىلاردىن بىرەرىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى بەناكەتيچىلىك بايان قىلمىغان. ئۇنىڭ شائىرلىقتىمۇ مەرتىۋىسى يوقىرى بولۇپ، پاكىز قەسىدىلەر ۋە پىشىق قىتئەلەرنى ئېيتقان. بۇ غەزەل ئۇنىڭكىدۇر:

نە ئۇچۇن غەزەپتە جانان، نە مۇددىئاسى ئېيتقىن؟
ئۆتكۈنچىمۇ ئەھدۇ پەيمان، يا سۇبھى ساباسى، ئېيتقىن؟

بولماس سەۋەبسىز ئەسلا بۇ شوخلۇقى دىلبەرلىك،
بۇ خۇشلۇقۇ سەركەشلىك، قايدا ئاداسى ئېيتقىن؟

يۈزىدە بار مەلاھەت، قەددىدە بار زەرافەت،
بۇ كۈن زامانە ئىچرە بارمۇ قىياسى، ئېيتقىن؟

ئىشق ئىچرە كىمكى بىمار بولسا يوقتۇر دەۋاسى،
بىردەم مەھبۇب جامالى ـــ ئاشق دەۋاسى ئېيتقىن؟

كۆڭۈلسىزگە رەھىم قىلماق ئەيىب ئەمەستۇر، ئەي جانان،
ئاشقلارا رەھىم ئېتۇر ھەتتا خۇداسى، ئېيتقىن؟

ھەر كەچ دىماغىمغا شامال چېچى ھىدىنى كەلتۈرەر،
ھەم رازۇ ھەمدەم ئاڭا بىندە ساباسى، ئېيتقىن؟

بەناكەتىينىڭ پەخرىنى نىچۈن ئەرزان ساتۇرسەن،
خاجە، ئەقلىڭ ئالغان ئول رەقىب ئاشناسى، ئېيتقىن؟

## ھەكىم نىزارىي كۇھىستانىي㉝

ھەكىم نىزارىي كۇھىستانىي تەبىئىتى مۇلايىم، ئالىم كىشى بولۇپ، سۆزلىرى يېقىشلىق ۋە ئېتىبارلىق ئىدى. ئۇ جەمئىيەت ئەخلاقى توغرىسىدا «دەستۇرنامە» ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ كىتاب ئۇستىبدات ساھىبلىرى ئارىسىدا ئەزىز ۋە مۆتىۋەردۇر. تۆۋەندىكى بېيىت مىسال تەرىقىسىدە ئاشۇ كىتابتىن ئېلىندى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋەزنى مەلۇم بولىدۇ:

قىرىق يىلكى مەدداھلىق ھۇنىرىم بولدى،
ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن نە مەنپەئەت كەلدى.

يەنە:

كەل، بۇ ئەيش مەۋسۇمىدۇر، زەۋقۇ شەۋق يايمىش قانات،
يېيىلىپتۇ باغ ئارا ئۆت ـ چۆپلەر مىسلى بىسات.

پەلەك خەزىنىدارى تۆكۈپتۇ لالە ھەريان،
بىشى تاغ ئېتىكىدە، سوغى ئالىي سەماۋات.

ھاياسى يوق خەتىب㉞نىڭ چۆپ ئۇستىگە قونۇپتۇر،
ئەيلەپ تىلىن قوغغۇراق سەيسەر مىسالى ۋەتۋات㉟.

يەتمىسە ھەم ۋەسلىگە، كۆرسە ئەگەر لەيلىنى،
مەجنۇنغا شۇ داۋادۇر، پايدىسىز يۈزلەپ بۇقرات.

ئاتتى ئاۋام باشىمغا مالامەتلەر تېشىنى،
رەئد بىرلە نەفت قەرۇرە㊱ ئاتقان كەبى خۇرافات.

نىزارىي قامەتىنى پۈكمەك ساڭا نە ھاجەت،
زامان تىككۈچىسىدىن تاپتى قەبا تالاپەت.

نىزارىنىڭ سۆزلىرى گەرچە مەيپەرەستلىك يوسۇنىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەرىپەت ۋە ھەقىقەت توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ ئالىم ۋە دۇرۇس كىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىرىدىن

بىلىۋالغىلى بولىدۇ. (شۇڭا) ئۇنى مەيپەرەس ھېسابلاش بوھتاندۇر.

بەزىلەر نىزارىينى دانا ۋە ۋەھدانىيەتچى ھېسابلايدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئىسمائىلىيەلەر جامائەسىدىن دېيىشىدۇ. ئەمما، بەزى كىشىلەر نىزارىينىڭ تەخەللۇسى توغرىسىدا شۇنداق دېگەن: ئۇ كىشى ئورۇق بولغانلىقتىن ئۆزىگە «نىزارىي» دېگەن تەخەللۇسنى قويغانىكەن. يەنە بەزىلەر، نىزارىي ئىسمائىلىيە خەلىپىلىرىدىن ۋە ئۆزىنى ئۇلارغا مەنسۇپلۇق بەرگەن دېيىشىدۇ. ئەمما، ئىككىنچى سەۋەب ھەقىقەتتىن يىراق.

ئىسمائىلىيە خەلىپىلىرى ئۆزلىرىنى ئىسمائىل ئىبنى جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدكە باغلايدۇ ۋە باشقا ئىماملارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغى مەھدىي بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 391 ـ (مىلادىيەنىڭ 931 ـ يىلى) يىلى مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مەزگىل مىسىردا خەلىپە بولۇپ تۇردى.

## جەلالىددىن ئىبنى جەئفەر فەررەخانىي

جەلالىددىن ئىبنى جەئفەر فەررەخانىي تۈز، ھەممەتلىك ۋە سېخىي كىشى بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن. ئۇ شائىر ۋە ئالىملارنىڭ خىزمىتىدە بولغان، ئۆزىمۇ خۇش سۆزلۈك شائىر ئىدى. ئۇ شەيخ سەئىدىي شىرازىيغا نەزىرە يازغان ھەمدە شەيخ نىزامىينىڭ «مەخزانۇل ـ ئەسرار»(سىرلار خەزىنىسى) ناملىق ئەسىرىگە مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق چوڭقۇر مەنىلىك شېئىر بىلەن جاۋاب ئېيتقان. تۆۋەندىكى داستان ئاشۇ جاۋابتىندۇر:

قىلدى دېھقان دىت بىلەن يېڭى باغ،
ياندى باغدا لالىلەر مىسلى چىراغ.

مېۋىزار ئىچىگە كىردى بىر كۈن ئۇ،
كىچىككىنە بىر تەلبە قۇشنى كۆردى ئۇ.

سەرۋى گۈلى تالنى ئەگدى، سەپمۇ سەپ،
كان ئانار بىلەن بېھىگە تۆت تەرەپ.

تومشۇقى بىلەن چاڭگىلى ئىدى ئۇزۇن،
گاھ چوقۇپ بىر مېۋە يەيتتى، گاھ ئۈزۈم.

بولدى نەرگىس ئەترىدىن سەرمەست چىمەن،
كۆرك تالاشۇر ياسىمەن بىلەن سۈمەن.

خامۇ پىششىق يارىنى چوقۇلار ئىدى،
خامۇ پىششىق تەڭلا تۆكۈلەر ئىدى.

ھەر دەرەخنىڭ شاخىدا سايرايدۇ قۇش،
كەتكۈزۈپ ھۇشىدىن، قىلۇر كۆڭلىنى خۇش.

كۆرۈپ باغۋەن قەھرى ئوت ئالدى شۇئان،
كۆيدى ئوتىدىن زېمىنۇ ئاسمان.

كۆرسە بوستان ئىگىسىن ئۆركۈيدۇ پىل،
قولغا ئالدى ئول ھەۋەس يولىدا بىل.

چېچىپ دان، ئول توزاق تاشلىدى باغقا،
نە ئەجەب غاپىل قۇش چۈشتى تۇزاققا.

يەر قېزىپ ئاققۇزدى سۇنى ھەر تامان،
خۇددى ھەربىر مېۋىگە بەخش ئەتتى جان.

باغۋەن پىستىرمىدىن دېۋەدەك ئېتىلدى،
ئىككى ـ ئۈچ سەكرەپ قۇش بېشىغا كەلدى.

كەسمەك ئۈچۈن ئاشۇ قۇشنىڭ بوينىنى،
پىچاق ئالدى تېزلا كولاپ قوينىنى.

شورلۇق قۇش قىلدى نالە، قىلدى زار،
دېدى: «ئەي، ئەر يىگىت ھودۇقما زىنھار.

جان قاچماس ئالۇرسەن، ئەمما رەھىم ئەيلە،
سەن مەندىن ئاجىزمۇ يا زورمۇ، ئويلا؟

ئۆزنى تارت قارنىمنى تۆكۈشتىن پەقەت،
ئېيتاي ئەستىلىككە ئۈچلا نەسىھەت.

بىرىنچىسى شۇكى، كىم ئەگەر ساڭا،
بولمىغۇر گەپ ئېيتسا ئىشەنمە ئۇنىڭغا.

ئىككىنچىسى شۇكى، ئەسلا غەم يېمە،
مال كەتسە قولۇڭدىن ئارتۇق ئېچىنما.

ئۈچىنچىسى شۇكى، ئابرۇينى بەرمە،
تاپمىساڭ، ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرما.

ئەرزىمگە قولاق سال، رەنجىمە بىراق،
ئۈچ پەندىم ئۈچ خەزىنىدىن ياخشىراق.»

قۇش دىلىنى دېھقان ئاباد ئەيلىدى،
تۇزاقتىن ئۇ قۇشنى ئازاد ئەيلىدى.

قۇش باغۋەن قولىنى تېزلا تەرك ئەتتى،
كامانىنىڭ ئوقىدەك تېز ئۇچۇپ كەتتى.

قونۇپ شاخ ئۈستىگە سايرىدى، چۈشتى،
كى دېھقان دەردىگە يېڭى دەرد چۈشتى.

دېدى: «سەن تۇتقىنىڭ نېمىدۇر، بىلمەيسەن،
سەن دوستۇ شېرىكنى قەدرلىمەيسەن.

بار ئىدى قارنىمدا تۇخۇمدەك گۆھەر،
مەملىكەت نەرخىدىن ئارتۇق بىر جەۋھەر.

بەختىڭ يۈز ئاچمىدى، قولدىن چىقاردىڭ،
يېتىپ مەھشەرگىچە يەردىڭ، ئىچەردىڭ.»

ئازاد ئەتكىنىگە بولۇپ پۇشايمان،
چۆكتى غەمۇ غۇسسە نەھرىگە باغۋەن.

يەنە مال ھەۋىسى قەلبىگە چۈشتى،
يەنە مىكرۇ ھىيلە يولىغا چۈشتى.

دېدى: «شاختا سۆھبەت ئەيلەش پەرز ئەمەس،
مىڭلاپ گۆھەر سۆھبىتىڭگە ئەرزىمەس.

كەل، دىلىم ئارامى بول، ئاھاڭى بول،
كۆڭلىرىمنى ئەيلە رەڭلىك، رەڭگى بول.

جان دېسەڭ، جانۇ جاھانىمنى بېرەي،
خالىساڭ ئىچكىلى قانىمنى بېرەي.»

ئۆرۈپ قەھ ـ قەھ قەددىنى قۇش تۇتتى غاز،
دېدى: «سەن ئەخمەق ئادەم، مەسخىرەباز.

بىلمەي تۇرۇپ تا مېنىڭ قارنىمدا مال،
بىلگەن ئىدىڭكى، مېنىڭ قانىم ھالال.

ئەمدى سەن بىلدىڭكى، بەس باردۇر مالىم،
نە كېچەر، چۈشسەم قولۇڭغا ئەھۋالىم؟

ئېيتقانىدىم مەن ساڭا، ئەي قىساسكار،
تاپالمىساڭ بولما، دەپ ئاۋارە زىنھار.

يېپىشما كۆپ، يىرگىنۇرمەن يۈزۈڭدىن،
نەسىھەتىم چىقىپتۇ تېز ئېسىڭدىن.»

قۇش ئۇنى باپلىدى گەپنىڭ مۇھىمى،
يوق ئىدى قارنىدا ئۆردەك تۇخۇمى.

نە قىلار ئۇندا تۇخۇم ئويلاپ كۆرۈڭ،
ئول ئۆزى كەلمەس ئاخىر تۇخۇمغا تەڭ.

ئەقلۇ ـ ھوشۇڭ ئەگەر بولمىسا چولتا،
بۇ سۆزنى پەملىمەك تەس ئەمەس ئەسلا.

بايلىقنىڭ يوق ئىدى بولسا ھەم بىراق، بولمىغىن جەلال، سەنمۇ شۇ باغۋەن سۈپەت،
قولدىن چىقىپ كەتتى نېچۈن غەم تارتماق. چەكمە مال - مۈلۈك تەلىپىدە مۇسىبەت.

فەراھان قۇم (ۋىلايىتى) قىشلاقلىرىدىن بولۇپ، ئۇ قۇم بىلەن ھەمەدان ئارىلىقىدا جايلاشقان. «سۈۋەرەل - ئەقالىم» (ئىقلىملار سۈرىتى) ناملىق ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئەتراپى قاپلان ئوۋلايدىغان ياخشى شىكارگاھ ئىكەن. ئۇ جايدا ئوۋلىنىدىغان قاپلانلار باشقا جايدا ئۇچرىمايدىكەن. (ئوۋ قىلىنغان) ئاشۇ قاپلانلار پادىشاھلارغا سوۋغا قىلىنىدىكەن.

## ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي[37]

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي پەرىشتە سۈپەت زات بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى بايلىق كانىنىڭ گۆھىرى، ئىرپان دەرياسىنىڭ بىباھا ئۈنچىسىدۇر. ئۇ ھەقىقەت ئىشقىۋازلىقىنى مەجازىي ۋاستىلەر بىلەن بېزىگەن، ھەقىقەتنىڭ زىبا كېلىنىگە ئىشقىۋازلىق قىلغان، گۈزەل ئەشئارى بىلەن تەلۋە ئاشىقلارنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەن، خەستىلەرنىڭ شىكەستە دىللىرىنى خۇسرەۋانە زەمزەم سۈيى بىلەن مەستخۇش ئەتكەن. ئاشىقلار پادىشاھىدۇركى ئىسمىمۇ خۇسرەۋ. سۆزمەنلىك باياندا بۇ نام نۇقسانسىزدۇر. ئۇ توغرىسىدا ئارتۇقچە گەپلەر مەرتىۋىسىز. شۇڭا، ئۇ ھەقتىكى قىسسىنى قىسقا قىلىش لازىم، ۋەسسالام.

ئەمىر خۇسرەۋ ئەسلىي تۈرك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سەبزەلەر قۇببەسى دەپ ئاتالغان كېش شەھىرىدىندۇر. باشقا گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇ پايىمۇرغ ۋە قارشى ئەتراپىدا ئىستىقامەت قىلغان لاچىن ھازارىسىدىن بولۇپ، ئۇ تائىپە[38] چىڭگىزخان ئىستىلاسى ۋاقتىدا ماۋەرائۇننەھردىن قېچىپ ھىندىستانغا كەلگەن ۋە دېھلىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئەمىر خۇسرەۋنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سۇلتان شەمسىددىن مۇھەممەد زامانىدا ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئەمىر خۇسرەۋنىڭ ئاتىسى ئەمىر مەھمۇد ئاشۇ تائىپىنىڭ ئۇلۇغى ۋە ئەمىرزادىسى بولغان دېھلىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان مۇھەممەد تۇغلۇقشاھ[39] دەۋرىدە ھىندىغا ئەمىر بولدى. ئۇ سۇلتان مۇھەممەد تۇغلۇقشاھنىڭ تۈرلۈك ئىنايەتلىرىگە ئېرىشتى ۋە ئالىي دەرىجىگە سازاۋەر بولدى. (ئەمىر مەھمۇد) ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. ئەمىر خۇسرەۋ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى، ھىندىستان پادىشاھى سۇلتان ئەلائۇددىن مۇھەممەد[40] ئەمىر خۇسرەۋگە كۆپ ئىنايەتلەرنى كۆرسەتتى ۋە ئۇ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى. خىزمەت ۋە مۇلازىمەت ۋاقتىدا تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلىدى ھەمدە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يولىيورۇقلىرى بويىچە ئىش تۇتتى.

ئەمىر خۇسرەۋنىڭ سۇلتان ئەلائۇددىن مۇھەممەد ھەمدە ئۇنىڭ كەرەملىك ئەۋلادىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان قەسىدىلىرى ۋە يازغان كىتابلىرى بار. ھەقىقەت ئالىمىنىڭ شاملى ئۇنىڭ ئۈمىد بېغىغا قاراپ ئەسكەچكە، تۆۋەن ئالەمنى (ئۆزىنىڭ) ھىممەت نەزىرىدە پەس دەپ بىلدى. كۆپ قېتىم سۇلتاننىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولدى، لېكىن سۇلتان ئەلائۇددىن رۇخسەت قىلمىدى. ئاخىر ئۇ ئىلاج قىلىپ، مەخلۇقاتلار خىزمىتىدىن قۇتۇلدى، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇندى. ئىرادەت قولىنى مەرىپەتلىك ۋە دىيانەتلىك شەيخ، ۋىسال تاپقانلارنىڭ يولباشچىسى، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ نىزامى نىزامىددىن ئەۋلىيا ... نىڭ ئېتىكىگە ئۇزارتتى. كۆپ يىل تەسەۋۋۇپ سۇلۇكى بىلەن مەشغۇل بولدى. سۇلۇك داۋامىدا پادىشاھلار مەدھىيىسى شېئىرلار دىۋانىدىن يوق قىلدى. ئۇنىڭ خۇشبۇي خاتىرىسى

روشەن ئىدى. ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلىشتا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەنىدى. شەيخلەر شەيخى ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ نىزامى نىزامىددىن ئەۋلىيا كۆپ قېتىم شۇنداق ئېيتقانىدى: «ئۈمىد قىلىمەنكى، مەھشەر كۈنى شۇ تۈرك بالىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ سىينەسى بىلەن مېنى ئەپۇ قىلىدۇ.» خاجە خۇسرەۋ كۆپ مال ـ دۇنياسىنى شەيخىنىڭ قەدىمىگە ئاتىدى. «خەمسە»نى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يازدى. مانا بۇ ئىككى بېيتنى شەيخنى ئۇلۇغلاپ ئېيتتى:

خانىقاغا مەن تا تەندە كۆيدۇم،
ئۆزۈمنى كەئبەگە تەزىمدىن تىيدىم.
پەرىشتە پىشىدا ئەيلەپ ئاشىيان،
ئاڭا ئۇۋۋا قويدۇم بىر قۇشقاچسىمان.

يەنە شەيخ نىزامىددىن ئەۋلىيا ھىندىستاننىڭ يېتۈك ماشايىخلىرىدىن بولۇپ، ئۆز قېرىندىشى شەيخۇلئىسلام فەرىدىددىن شەكەر گەنجىنىڭ مۇرىتىدۇر. شەيخ فەرىدىددىننىڭ (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى مۇقەددەس قىلسۇن!) تەرىقىتىدىكى سىلسىلىسى ئىنساپ تائىپىسىنىڭ شەيخۇلئىسلامى شەيخ مەئدۇد چىشتىيىغا ئۇلىنىدۇ.

دانىشمەن شەيخ ئازەرىينىڭ «جەۋاھىرۇل ـ ئەسرار» (سىرلار جەۋھەرلىرى) ناملىق كىتابىدا ئېيتىشىچە، شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىد شىرازىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەمىر خۇسرەۋ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە سۆھبەتلىشىش مەقسىتىدە فارستىن ھىندىستانغا كەلگەن. ئەمىرخۇسرەۋنىڭ شەيخ سەئدىگە بولغان ئىتىقادى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېگەن:

قۇيدى كەيپ ئۈستىدە خۇسرەۋ مەئنا مەيىدىن جامگە،
كى شىرەسى شىرازدىكى مەيخانىدىندۇر ئەسلىدە.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:
ئەشئارىم جۇزۋىنىڭ شىرازەسى شېرازدىندۇر.
قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ شەيخ سەئدىگە ئىخلاس ۋە ئېتىقادى مەلۇمدۇر.

ئالىملار ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىينى جەم قىلالىغان ئەمەس. چۈنكى، ئىنساپ يۈزىسىدىن پىكىر قىلىپ كۆرۈپ بىلىشكەنكى، دەريا شېشىگە، ئىلاھىيەت ئىلمى ھەرپ قائىدىسىگە سىغماس ئىكەن. بەختىيار سۇلتان بايسۇنغۇر باھادىر[41] ئەمىر خۇسرەۋ شېئىرلىرىنى جەملەشتە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى ۋە 120 مىڭ بېيتتىن ئارتۇق شېئىرنى توپلىدى. كېيىنچە ئۇ يەنە خۇسرەۋ غەزەللىرىدىن دىۋانغا كىرمىگەن ئىككى مىڭ بېيتنى تاپتۇردى. تەھقىق قىلىپ كۆردىكى، ئەمىر خۇسرەۋنىڭ بارلىق شېئىرلىرىنى توپلاش تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىشنى توختاتقانىكەن. لېكىن، ئەمىر خۇسرەۋ رىسالىلىرىنىڭ بىرىدە شۇنداق دېگەنكى، مېنىڭ شېئىرلىرىم 500 مىڭ بېيتتىن كەمرەك، 400 مىڭ بېيتتىن ئارتۇقراق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «خەمسە»سى 18 مىڭ بېيىت، شەيخ نىزامى گەنجىۋىينىڭ (ئاللا ئۇنى ئەزىز، روھىنى مۇقەددەس تۇتقاي) 28 مىڭ بېيىت ئىكەن. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بەزىلەر بۇنىڭدىن كۆپ دېسە، بەزىلەر، بۇنىڭدىن ئازراق دېيىشىدۇ. گەرچە كەمرەك بولسىمۇ، ئەمما بالاغەت ۋە پاساھەتتە تەلەپكە يېقىملىقتۇر.

ئەمىرزادە بايسۇنغۇر ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «خەمسە»سىنى شەيخ نىزامىينىڭ «خەمسە»سىدىن ئارتۇق

كۆرەتتى. مەرىپەتلىك خاقان ئۇلۇغبەگ كۆرەگان بۇنى قوبۇل كۆرمەيتتى، ئۇ شەيخ نىزامىيغا ئەگەشكەن. شۇ سەۋەب توپەيلى ھەر ئىككىلا ئالىم پادشاھ ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم تالاش - تارتىشلار بولۇپ، ھەر بىرلىرى بىر شائىرغا ھامىيلىق قىلاتتى. شۇ يوسۇندا بۇ تارتىشىش شۇ كۈنلەردە سادىر بولغاندا زامان پەزىلەت بازىرى، جەۋھەرشۇناسلىرىنىڭ خاترى ... قايسى شائىر ئۈستۈن تۇرۇشنى ئېنىقلاپ بېرەر ۋە شۇبھىنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ تاشلار ئىدى.

قىسىسىگە كەلسەك، ئەمىر خۇسرەۋنىڭ خاس ۋە نازۇك مەنىلىرى، ئوتلۇق ۋە ئاشىقانە سۆزلىرى ئىنسان قەلبىگە ئوت يېقىپ، ئاشىقلار سەۋر - تاقەتلىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ «خەمسە»سىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىسا، ئۇنىڭدا نازۇك نۇقتىلار باركى، ئۇلارنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىل ئاجىزلىق قىلار.

ئەمىر خۇسرەۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شېئىرلىرىنى تۆت قىسىمغا، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن. ھەربىر قىسىمنى ئالاھىدە نام بىلەن ئاتىغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. «تۇھفەتۇس - سىغەر» (ياشلىق تۇھپىسى) بۇ ئەسەرنى ئۇ يىگىتلىك چاغلىرىدا يازغان.

2. «ۋەسەتۇل - ھەيات» (ئۆمۈر ئوتتۇرىسى(ئوتتۇرا ياش مەزگىل) بۇ ئەسەرنى ئۇ تەسەۋۋۇپ سۇلۇكىگە كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلىرى ۋە يېتۈك ۋاقىتلىرىدا جەم قىلغان.

3. «غۇررەتۇل - كەمال» (كامالەتنىڭ باشلىنىشى) تەسەۋۋۇپ سۇلۇكىدە كامالەتكە يېتىشكەن ۋە شەيخلىكتىن ئاۋۋال جەم قىلغان.

4. «بەقىيياتەن - نەقىييە» (پاكلىق قالدۇقى) بۇ ئەسەرنى ئۇ پېقىر ۋە ياشىنىپ مۆكچىيىپ قالغان چاغلىرىدا يازغان. ئەمىر خۇسرەۋ باتىنىي(يوشۇرۇن) ۋە زاھىرىي(ئوچۇق) پەزىلەتلىرى بىلەن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى ماھىر ئىدى.

ئەمىر خۇسرەۋ توغرىسىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىسەك تەزكىرە ئۇزىراپ كېتىدۇ. چۈنكى، دېڭىز مەۋجى ھېچقاچان كۆلچەك ئىچىگە سىغقان ئەمەس.

ئەمىر خۇسرەۋ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 725 (مىلادىيە 1325) - يىلى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇچقۇر ئېتى مۇرادىنىڭ تار دەھلىزىسىدىن ماكانسىزلىق مەيدانىغا چىقىپ چىقتى. روھ تۇتىسى خاس قەپىسىدىن ۋىسال شەكەرىستانىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى. ئۇنىڭ مۇبارەك مازىرى دېھلى شەھىرىدە. تەرىقەت پىرلىرى، قۇتبىلار، ئەۋلىيالار سۇلتانى فەرىدىدىن شەكەر گەنج، ماشايىخلار ۋە تەقۋادارلار سۇلتانى، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ نىزامى نىزامىددىن ئەۋلىيانىڭ نىزامىينىڭ گۈمبىزىنىڭ ئىچىدەدۇر.

خاجە خۇسرەۋنىڭ «بەھرۇل - ئەبرار» (سېخىيلار دېڭىزى)، «مىرئاتۇس - سەفا» (پاكلىق ئەينىكى) ۋە «ئەنسۇل - قۇلۇب» (قەلبلەر ئۈلپىتى) قاتارلىق قەسىدىلىرى مەشھۇر. ئالىملار ئۇنىڭ بۇ قەسىدىلىرىگە نەزىرە يېزىپ، پاساھەت ۋە بالاغەت كامالىغا يەتكۈزگەن، شۇ سەۋەبلىك تەزكىرىدە قەسىدىلىرى توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆزلەنمىدى.

ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «خەمسە»دىن باشقا، يەنە دېھلى پادشاھى سۇلتان ئەلائۇددىنغا بېغىشلانغان «قىرانەس - سەئدەين» (ئىككى سائادەتلىك يۇلتۇزنىڭ تۇتىشىشى)، «مەناقىبى ھىندى ۋە تارىخى دېھلى» قاتارلىق بىرقانچە نەسرىي ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ھىندى پادشاھلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئون بىر بەھرلىك قىلىپ يازغان كىتابى، خىزىرخان مۇھەببىتى توغرىسىدىكى «دۇۋالرانىي ۋە خىزىرخان» داستانى، «نوھ سىپەھر» (توققۇز قەۋەت ئاسمان) ناملىق كىتابى ۋە ئىستىفا ۋە مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا يازغان كىتابلىرىمۇ بار.

## خاجە ھەسەن دېھلەۋىي[42]

خاجە ھەسەن دېھلەۋىي شەيخۇلماشايخ نىزامىددىن ئەۋلىيانىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر. دېھلى شەھىرىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىدىندۇر. شائىرلىقتا ئەمىر خۇسرەۋنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بولۇپ، شېرىن سۆز، سۆزلىرى دەۋرشانە شوخ – زوق ئويغاتقۇچى كىشى ئىدى، سۆزلىرى ئۇ دەرىجىدە يۇقىرى بولمىسىمۇ، راۋان ۋە چۈشىنىشلىك.

(خاجە ھەسەن) خاكسار ۋە سوپى سۈپەت ئادەم. ئۇمۇ ئەمىر خۇسرەۋدەك بار مال – مۈلكىنى شەيخ (نىزامىددىن ئەۋلىيا)نىڭ قەدىمىگە سەرپ قىلغان. ئۆزى نامرات، مىسكىن بولۇپ، قانائەت ۋە مەردلىك بىلەن تەسەۋۋۇپ سۈلۈكىدە يول تۇتقان.

ھېكايەت: كۆنلەرنىڭ بىرىدە خاجە ھەسەن ناۋايلىق دۇكىنىدا ئولتۇراتتىكەن، شۇ پەيتتە شەيخ نىزامىددىن مۇرىتلىرى بىلەن بازار ئارىلاپ كەلدى. ئەمىر خۇسرەۋمۇ شەيخ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرى خاجە ھەسەنگە چۈشتى، ئەمىر خۇسرەۋ خاجە ھەسەننىڭ خۇش پىچىملىكى، كېلىشكەن قامىتى ۋە قابىلىيىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «ناننى قانچىدىن سېتىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. خاجە ھەسەن: «ناننى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە قويۇپ خېرىدارغا ئۇنىڭ ئىككىنچى پەللىسىگە تىللا تاشلاشنى بۇيرۇيمەن. تىللا تاشلانغان پەللە ئېغىر كەلگەندە ناننى خېرىدارغا بېرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمىر خۇسرەۋ: «ئەگەر خېرىدار كەمبەغەل، قاششاق بولسا، قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىدى. خاجە ھەسەن: «ئۇنداق بولسا نان ئۈچۈن ئاشۇ ئادەمدىن پەقەت ھەدىيە ئالىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمىر خۇسرەۋ خاجە ھەسەننىڭ بۇ سۆزىدىن تەئەججۈپلەندى ھەمدە بۇ ئەھۋالنى شەيخ نىزامىددىن ئەۋلىياغا ئېيتتى. خاجە ھەسەنمۇ تەلەپ دەردى ئېتىكىدىن تۇتقانىدىكى، دۇكان ۋە دۇكاندارلىقنى تەرك ئېتىپ، شەيخ خانىقاسىغا باردى. خاجە ھەسەن دىۋانى شۇ كۈنلەردە ئەزىز ۋە مۇكەررەم. سۆزلىرىگە ساھىبنەزەر ۋە ئىستېداتلىقلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىلتىپاتلىرى ھەددىدىن زىيادە. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاۋام خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تەزكىرىگە ئۇنىڭ بىر غەزىلىنى ئالدۇق، بۇ يەرگە ئۇنىڭ بىر غەزىلىدىن ئارتۇقنى سىغدۇرۇپ بولالمايمىز:

ساقىيا، مەي بەر، كى شەرق ئەمەس بۇلۇتتىن زەررە ئاق،
بولدى سەرۋ شاخلىرى كۆپكۆك، قالدى سەد بەرگلىرىدە ئاق.

مەي ئەگەر بەرمەك بولساڭ، بىلۇر قەدەھگە بەر ماڭا،
گۈل – گۈل يانۇر گۈلگۈن شاراب، بولسا قەدەھ ئەگەردە ئاق.

تۆكتى زۇلەيخا كۆزىدەك، بەھرى يۇسۇفكە ياش، بۇلۇت،
ياشقا ئوخشاش، مەڭزار دىيدەئىي يەئقۇب پەيغەمبەرگە ئاق.

ئېيتكى غار ئۈمۈچكى بول پەردەدىن نە نەپ دېسەم:
«كەلدى بىر مېھمان ئەزىز، شۇندىن ئىشكتە پەردە ئاق.»

سۆھبەت ئەيلەپ دەمبۇ دەم ھەم چايقىتۇر تالنى شامال،
ئاچمىش سۈمەن سىرىنى ئۇ، ھەم سۆھبەتى دەپتەردە ئاق.

ئەي ھەسەن، دۈشمەنگە ئەسلا قىلما دىلىڭنى ئاق ھەم راست،
چۈنكى قانات ھەم بولمىغاي بۇ قارا زاغلارغا ئاق.

كۆپلىگەن شائىرلار بۇ غەزەلگە جاۋاب ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ بۇ غەزەلدەك كىشىدە شەۋق ئويغىتالمىغان.

خاجە ھەسەننىڭ ۋاپات بولغان يىل تارىخى مەلۇم ئەمەس.

## خاجۇئى كىرمانى[43]

خاجۇئى كىرمانى كىرماننىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، بىلىملىك ۋە سۆزمەن كىشى ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىملىرى ۋە مۆتىۋەرلىرى ئۇنى پاساھەت ۋە بالاغەتتە تەڭداشسىز كىشى، «شائىرلار لەھىڭى» دەپ ئاتىغان. ئۇ كىرماندا مۇقىم تۇرماي، دائىم ساياھەت قىلاتتى. ئۇ ئىراقتا ياخشى غەزەللەرنى يازغان. شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا كۈچلۈك مۇھەببىتى بولۇپ، ئۇ بۇ توغرۇلۇق داستانىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى تىزغان:

خۇش ئۇلۇر، ئەنبەر ئىسىن بادى سەھەر،
كىرمانىم تۇپراقىغا يەتكۈرسە گەر.

خۇش ئۇلۇر بۇلبۇلى داستان ساراي،
تاپسا بايقۇش بىرلە زاغلار ئىچرە جاي.

ئېيت، گۇناھىم نە ساڭا، چەرخى پەلەك،
ئايرىلىپ ئول خاكى پايدىن، مەن ھەلەك.

تاكى مەن باغدادنى قىلماي يۈز ۋەتەن،
ئۆزگە جاي كەلمەس كۆزۈمگە دەجلەدىن.

شائىر ئاشۇ ۋاقىتتا دانىشمەن شەيخ، توغرا يولنى ئىسپاتلىغۇچىلارنىڭ يېتەكچىسى، نىشان ۋە ۋەسل سۇلتانى، مىللەت ۋە دىننىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئەلائۇددىن سىمنانىي سۆھبىتىدىن بەھرە تېپىپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى ھەمدە بىرمۇنچە يىل سوفىيئابادتا سوپىلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەيخ (ئەلائۇددىن سىمنانىي) جانابلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى توپلىدى.

خاجۇئىنىڭ دىۋانى يىگىرمە مىڭ بېيىتلىق بولۇپ، ھەممىسى مەسنەۋى. دىۋان پاكىز قەسىدە، غەزەل ۋە قىتئەلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە.

خاجۇئى كىرمانى ھىجرىيەنىڭ 724 (مىلادىيەنىڭ 1341) ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئىزاھاتلار:

① زەھىرىددىن فارىيابىي — پارس ـ تاجىك كلاسسىك شېئىرىيىتى نامايەندىلىرىدىن (مىلادىيە 1156 — 1201).

② سۇلتان مۇھەممەد تەكەش — ئانۇشتېگىن نەسلىدىن بولغان خارەزم شاھى (مىلادىيە 1172 — 1200).

③ نەسىرىددىن تۇسىي — مەشھۇر پەيلاسوپ، ئاسترونوم ۋە ئىلاھىيەت پەنلىرىنىڭ ئالىمى (1273 ـ يىلى ۋاپات بولغان)

④ ھۇلاكۇخان — 13 ـ ئەسىردە ئىران ۋە ئىراقتا ھۇلاكۇئىيلار (مىلادىيە 1256 — 1353) مەملىكىتىگە (مىلادىيە 1256 — 1353) ئاساس سالغان چىڭگىز نەسلىگە مەنسۇپ ھۆكۈمدار.

⑤ «ئىزتىزھارۇل ـ ئەخبار» — «تارىخى ئىزتىزھارىي» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، دامغانىي (12 ـ ئەسىر) قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

⑥ ھەسەن سەبباھ — ئىسمائىلىيىلەر مەزھىپى ۋە دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى، (مىلادىيە 1090 — 1124) بۇ دۆلەت 150 يىل (مىلادىيە 1090 — 1256) داۋام قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئىراق، سۈرىيە ھۆكۈمدارلىرىغا، شۇنىڭدەك ياۋروپالىق خرىستىئانلارغا دەھشەت سالغان.

⑦ مال — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قىشلاق ئىگىلىكى ئېكىنلىرىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق، خىراج.

⑧ ئەنتاكىيە — كىچىك ئاسىيا، كىلىكىيە ۋە سۈرىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا تەشكىل تاپقان قەدىمكى ئەنتىئاكىيە.

⑨ دەپتەرخانا — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا ئوتتۇرا ئەسىردە مالىيە (ئاساسەن ھېساب ـ كىتاب) ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت مۇئەسسەسى.

⑩ مۇستەففىي — پادىشاھلىق ياكى خانلىقتا مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئالىي مەنسەپدار.

⑪ چۇھرە — پادىشاھ، سۇلتان ۋە ئالىي تەبىقە كىشىلىرىنىڭ شەخسىي قوروقچىسى.

⑫ رەئىس — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە پۇقرالار ۋە مەنسەپدارلارنىڭ تۇرمۇشىنى نازارەت قىلغۇچى شەخس، مەخسۇس مەنسەپدار.

⑬ ئافتىمۇن — پېچەك ئوتنىڭ بىر تۈرى؛ سەپرا كېسىلىنى داۋالايدىغان دورىنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

⑭ ئەلەمۇت — قەزۋىنىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەلبۇرس تېغىدىكى قەدىمىي قەلئە. (مىلادىيە1090 — 1256) ـ يىللاردا ئىسمائىلىيىلەر دۆلىتىنىڭ مەركىزى. مىلادىيە 1256 ـ يىلى ھۇلاكۇخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.

⑮ كۇتۋال — ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەلئە باشلىقى.

⑯ جەمالىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇرەززاق ئىسفاھانىي — ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلارنى ئۇچراتمىدۇق. لېكىن، كىتابلارغا نەقىش ئىشلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ پېقىرلىقتا ئۆتكەنلىكى مەلۇم. ئۇ مىلادىيە 1192 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

⑰ خاجە جەمالىددىن ئىبنى ئەبدۇرەززاق سۇلتان جەمالىددىن خارەزمشاھ — ئانۇشتېگىن نەسلىدىن بولۇپ، ھۆكۈمدار ۋە مەشھۇر سەركەردە (مىلادىيە 1220 — 1231) ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان.

⑱ پەنجھىر — ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان شەھەر، ۋىلايەت مەركىزى.

⑲ گىبرىك ۋە سۇۋاد — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كابۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق تاغلىق جايلار.

⑳ لاچىن ھەزارىسى — ھەزارە — (مىڭ، مىڭ ئۆيلۈك؛ مىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگەن ئۇرۇق ياكى قەبىلە) 13 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە، يەنى چىڭگىزخان ئىستېلاسىغا قەدەر قارشى بىلەن شەھرىسەبز ئوتتۇرىسىدا، ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، خۇسار (غۇزار) ئەتراپىدا قەدىمدىن ئىستىقامەت قىلغان تۈركىي قەبىلە.

㉑ ئەلائۇددىن كەيقۇباد — سالاھىيىتىنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بولمىدى. پىكرىمىزچە، دەۋلەتشاھ بۇ يەردە رۇم سۇلتانى ئەلائۇددىن كەيقۇباد بىلەن دېھلى سۇلتانى شەمسىددىن ئېلتۇتمىشنى (مىلادىيە 1211 — 1236) ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك.

㉒ دەشتى قىپچاق — ھازىرقى قازاقىستان يەرلىرى ھەمدە ۋولگا دەرياسىدىن تاكى دنېپىرغىچە سوزۇلغان جەنۇبىي رۇسىيە يەرلىرى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

㉓ كاج ۋە مەكران — «مەكران» ھازىرقى بەلۇجىستاننىڭ قەدىمكى نامى؛ «كاج» ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى

ھېسابلانغان.

㉔ ئاتابەگ سەئد ئىبنى زەنگى — فارستا (مىلادىيە 1148 — 1270) - يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان سالغۇرىيلار (كېلىپ چىقىش جەھەتتىن تۈركمەن) سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى ھۆكۈمدارى، ئىززۇددىن سەئد ئىبنى زەنگى (مىلادىيە 1203 — 1231). سالغۇرىيلار خارەزمشاھقا تەۋە بولغان.

㉕ پىشكەش — پادىشاھلار، خانلار ۋە ئېسىلزادىلەرگە مەھەللىي ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن قىلىنىدىغان مەخسۇس تارتۇق.

㉖ شىھنە — موغۇللار دەۋرىدە شەھەر ھاكىمى.

㉗ مەلىك ئەشرەف — (مىلادىيە1340 — 1356) - يىللىرىچە ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان ۋە ئىراننىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، چوپانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمدارى.

㉘ شەيخ رۇكنىددىن ئەلائۇددەۋلە سىمنانىي — يىرىك تەسەۋۋۇپ ئالىمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل بىيانەگى ئەلائۇددەۋلە سىمنانىي (مىلادىيە 1336 - يىلى ۋاپات بولغان). مەشھۇر شەيخ جۇنەيد باغدادىي (مىلادىيە 910 - يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ ئۇلپەتدىشى.

㉙ رۇكنىددىن قۇبائىي — ئۇرگەنج (ئەزەربەيجان)لىق مەشھۇر شائىر مۇجىرىي پەيلەقانىي (1197 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن) بىلەن دەۋرداش بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن 12 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن.

㉚ ئەسىرىددىن ئۇممەنىي — ئەزەربەيجاندا (مىلادىيە 1137 — 1225) - يىللىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئەلدىگىزىيلەر سۇلالىسىدىن، ئۆزبېكخان دەۋرىدە (مىلادىيە 1210 — 1225) ئۆتكەن شائىر ۋە ئالىم.

㉛ فۇرى بەھائىي جامىي — 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر تاجىددىن ئىبنى بەھائۇددىن.

㉜ فەخرىددىن بەناكەتىي — 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 14 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆتكەن كاتتا تارىخچى، ئالىم ۋە شائىر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئىبنى ئەبۇلفەزىل مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد بەناكەتىي (مىلادىيە 1329 - يىلى ۋاپات بولغان). «رەۋزەتۇل ئەلباب فى تەۋارىخىل ئەكابىر ۋەلئەنساب» (تۆرىلەر ۋە نەسىل - نەسەبلەر تارىخىدىكى ئاقىللار بېغى) ناملىق ئەسىرى بىلەن مەشھۇر. ئەسەر ئىلخانىيلاردىن ئەبۇ سەئىدخان (مىلادىيە1318 — 1336) دەۋرىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئىران، ھىندىستان، خىتا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا (تىزىم نومۇرى7330 ، 133 ۋاراق بولۇپ 16 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن) ساقلانماقتا.

㉝ھەكىم نىزارىي كوھىستانىي — فەخرىددىن باناكەتىي 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ياشاپ ئۆتكەن كاتتا شائىر، ئالىم ۋە تارىخچى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئىبنى ئەبۇلغازىل مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد بەناكەتىي (1329 - يىلى ۋاپات بولغان). ئۇنىڭ «رەۋزاتۇل ئالباب فى تەۋارىخ ئەلئەكابىر ۋەلئەنسەب» (تۆرىلەر ۋە نەسىل نەسەبلەر تارىخلىرىدا ئاقىللار بېغى) ناملىق ئەسىرى مەشھۇر. بۇ ئەسەر ئېلخانىيلاردىن ئەبۇ سەئىدخان (1318 — 1336) دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىران، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا (تىزىم نومۇرى 7330، 133 ۋاراق، 16 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن) ساقلانماقتا.

㉞ خەتىب — بۇلبۇلدىن كىنايە.

㉟ ۋەتۋات — قارلىغاچ

㊱ قەرۇرە — نەفت سېلىنغان شىشە.

㊲ ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي — ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدە بۈيۈك سىمالاردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى يەمىنىددىن ئەبۇلھەسەن ئەمىر خۇسرەۋ. ئۇ مىلادىيەنىڭ 1253 - يىلى گانگ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان پەيتالى قىشلاقىدا (ھىندىستان) كاتتا دۆلەت ئەربابى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلى شەھرى سەبزىنىڭ لاچىن ئۇرۇقىدىن. ئۇ «قىرانەس - سەئدەين» (ئىككى سائادەتلىك سەييارىنىڭ تۇتىشىشى)، «مىفتاھۇل - فۇتۇھ» (زەپەرلەر كەلىتى)، «خەزەئىنۇل - فۇتۇھ» (غەلىبە خەزىنىلىرى)، «دۇۋەلرانىي ۋە خىزىرخان»، «نوھسىپەھر» (توققۇز قەۋەت ئاسمان) قاتارلىق ئېپىك داستانلىرى بىلەن شۆھرەت تاپقان. ئۇ مىلادىيەنىڭ 1325 - يىلى ۋاپات بولغان.

㊳ تائىپە ــ سىنىپ، خەلق، قەبىلە.

㊴ سۇلتان مۇھەممەد تۇغلۇقشاھ ــ مىلادىيەنىڭ (1206 ــ 1555) - يىللىرىچە ھىندىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇئىززىيلار سۇلالىسىدىن ئۈچىنچى ھۆكۈمدار. (مىلادىيە 1211 ــ 1236) - يىللىرىچە تەختتە ئولتۇرغان.

㊵ سۇلتان ئەلائۇددىن مۇھەممەد ــ مۇئىززىيلەردىن يەتتىنچى ھۆكۈمدار، ئەلائۇددىن مەسئۇد شاھ (مىلادىيە 1242 ــ 1246).

㊶ سۇلتان بايسۇنغۇر باھادىر ــ شاھرۇھنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بايسۇنغۇر (مىلادىيە 1433 - يىلى ۋاپات بولغان). ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ھامىيلىق قىلغان.

㊷ خاجە ھەسەن دېھلەۋىي ــ خاجە ھەسەن دېھلەۋىي (مىلادىيە 1327 - يىللاردا ۋاپات بولغان)نىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ناھايىتى كەم ساقلانغان، ئەمما ئۇنىڭ دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. دىۋانىنىڭ ئىككىلا نۇسخىسى 14( P 238)P 101 No) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا ساقلانماقتا.

㊸ خاجۇئىي كىرمانىي ــ ئەسلىي ئىسمى ئەبۇ ئاتا مەھمۇد خاجۇيى كىرمانىي بولۇپ، خەمسەچىلىكتە يېڭى ئەنئەنە يارىتىشقا ئۇرۇنغان كاتتا شائىر (مىلادىيە 1280 ــ 1341). ئۇنىڭ «خەمسە»سى ئاساسەن ئىككى رومانتىك داستان ــ «ھوماي ۋە ھومايۇنۇن» ناملىق كىتابنى باغدادتا يېزىپ چىققان، ئۇ داستاندا سۆزمەنلىكنىڭ دادىنى بەرگەن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)



(ئەللىك يىلدا ئەر ئۆزگىرەر، يۈز يىلدا يەر ئۆزگىرەر.)

ــ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

(خەتتات: مەمەت نەۋبەت)




**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** رۇسىيىنىڭ سانكت پېتېربۇرگ شەھىرى ئاسىيا مىللەتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ قوليازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قوليازمىلىرى ئىچىدە نامەلۇم ئۇيغۇرنىڭ «A 132» نومۇرلۇق — «مەككە، مەدىنىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۆچۈرى» ناملىق بىر نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ئەسىرى ساقلانماقتا. مەزكۇر ئەسەردە قەشقەردىن مەككە، مەدىنەگە بېرىشتىكى يولنىڭ ئۆچۈرلىرى بېرىلگەن، بۇ شۇ ۋاقىتتىكى يول لىنىيىسىنى بىلىۋېلىشىمىزغا زور ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەككە، مەدىنىگە بېرىش يولىدا كېسىپ ئۆتىدىغان رايونلارنىڭ جۇغراپىيىسى، ئىقلىم شارائىتى، دۆلەت تۈزۈلمىسى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىغا ئائىت بىر قىسىم ئۆچۈرلار بېرىلگەن بولۇپ، بىزنىڭ شۇ دەۋر جۇغراپىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر.

**تېكست:**

كاشقەردىن يۈرۈپ، ئون ئىككى كۈندە ئۈچغە بارادۇ. ئۈچ دېگەن قوقەندغە تابىئ بىر شەھەر ئىكەن. ئۈچدە تەختى سۇلايمان، خىزرى ئەلەيھىس - سەلامنىڭ قەدەم جايلارى بار. ئۈچدىن يۈرۈپ ئۈچ كۈندە مەرغىنانغە بارادۇ، مەرغىناندىن يۈرۈپ، ئىككى كۈندە قوقەندغە بارادۇ. قوقەنددىن يۈرۈپ، ئۈچ كۈندە خوجەندكە بارادۇ. خوجەندده ئىككى ئۇلۇغ مەزار بار. خوجەنددىن يۈرۈپ، بىر كۈندە ئۆرەتۆپەگە بارادۇ. ئۆرەتۆپەدىن يۈرۈپ، ئىككى كۈندە زابۇلغە بارادۇ. ئاندىن يۈرۈپ بىر كۈندە جاساقغە بارادۇ. جاساق بۇخاراغە تابىئدەك. ئاندىن يۈرۈپ ئىككى كۈندە سەمەرقەندكە بارادۇ. سەمەرقەندده ئەمىر تېمۆر كۆرەگەننىڭ، خوجە ئەھرار ئەۋلىيانىڭ، شاھ مىر زىندە ئەۋلىيانىڭ مەزارلارى بار. سەمەرقەنددىن يۈرۈپ ئىككى كۈندە ياڭى قورغانغە يېتەدۇ. ئاندىن يۈرۈپ ئىككى كۈندە نەخشەبكە بارادۇ. ئاندىن يۈرۈپ ئىككى كۈندە نۇرئاتاغە يېتەدۇ. نۇرئاتادا بىر چوڭ بۇلاق بار، بۇ بۇلاقنىڭ سۇيى قىش - ياز ئىسسىغ تۇرادۇ. ئاندىن يۈرۈپ ئىككى كۈندە غىجداۋانغە بارادۇ. غىجداۋاندە خاجە جەھاننىڭ مەزارەتلەرى بار. ئاندىن يۈرۈپ بىر كۈندە بۇخاراغە بارادۇ. مۇبادا ئوتتۇرالاپ يۈرسە، سەمەرقەنددىن تۆرت كۈندە بۇخاراغە بارادۇ. بۇخارانىڭ مەشرىق تەرەفىدە يەكرەمەنىڭ يېرىدە خاجە بۇزرۇكشاھ نەقشبەند ئەۋلىيانىڭ مەزارەتلەرى بار. ھەممە شەھەرلەردىن بۇخارانىڭ خەلقى دىنى ئىسلامغە تولا مەھكەم ئىكەن. ئۈچ كۈن نەماز ئۆتىمگەن كىشىنى تاقىپ ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسە، ئول كىشىنى تەياق بىلە سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ، بەياباندا كۆممەي تاشلاپدۇر. تالاردىن بارغان كىشىدىن «ئالتە كەلىمە»، «قىرىق فەرز»نى سورايدۇغان ئىكەن.

بىلمەسە، ئاتى كافىر دەيدۇغان ئىكەن. ئاندىن يۈرۈپ ئالتە كەچە كۈندۈزدە خارجەغە بارادۇ. مۇنىڭ ئاراسىدا قاراقچىسى بار. ئاندىن يۈرۈپ توققۇز كۈندە بەلخغە بارادۇ. بۇ بەلخ قەدىم شەھەر ھىسارى فەراكەندە بولۇپدۇ. شىس فەيغەمبەرنىڭ مەزارەتلەرى بار. يەنە نەچچە ئەۋلىيالارنىڭ مەزارلارى بار ئىكەن. ئاندىن يۈرۈپ بىر كۈندە ھەزرەت شاھى مەردان ئەلىنىڭ مەزارەتلەرىغە يېتەدۇ. بۇ مەزاردە ھاجەتمەند كۆزسىز، قول - فۇتسىز ئاغرىق خەلقلەر بارىپ، ئۈچ - تۆرت كۈن تۇرۇپ تەلەپ قىلسە ئاغرىقلەر ئاغرىقىدىن ساقەيىپ يانغۇدەك. ئاندىن يۈرۈپ بىر كۈندە تاشقۇرغانغە بارادۇ. ئاندىن ئىككى كۈندە قاداخانغە. ئاندىن ئون بىر كۈندە كابۇلغە بارادۇ، يولىدا قاراقچىسى بار. كابۇل فارسىگۇي بۇخاراغە ئوخشاش چوڭ شەھەر ئىكەن، ئىككى سەھابەنىڭ مەزارى بار، ئاندىن ئون ئىكى كۈندە قەندىھاغە بارادۇ، ئاۋغانىي تىلىدا ئىكەن. ئاندىن يۈرۈپ بىر ئايدە كەلاتغە بارادۇ، خانىنىڭ ئاتى ناسىرخان ئىكەن. ئاندىن يۈرۈپ ئىككى كۈندە ھىندۇستانىنىڭ تابئىسگە بارادۇ. ئۈچ ئاي يۈرۈپ، ھىندۇستاندىن ئۆتۈپ، گۇجەراتغە بارادۇ، شۇبۇ گۇجەراتتىن باشلاپ كىيمەگە ئولتۇرۇپ ئالتە كۈندە بەمبەي دېگەن يۇرتغە بارادۇ، چوڭ شەھەر. بۇ شەھەردىن شور دەرياسىغە كىرىپ بىر ئاي قىرىق كۈندە جىددە دېگەن شەھەرغە يېتەدۇ. مۇندا ھەۋۋا ئانانىڭ مەزارەتلەرى بار. كىيمەگە كىرمەي يول بىرلە بارسە ئالتى ئايدە جىددەغە بارادۇ. ئاندىن ئىككى كۈندە مەككەئى مۇئەززەمغە يېتەدۇ. مەككەگە ھەر تەرەفتىن كەلگەن ھاجىلار ئېھرام باغلايدۇغان تەئيىنلىق ھەر يولنىڭ ئاغزىدا مەسجىدلەرى بار ئىكەن. ئېھرام باغلاردا غۇسل قىلىپ تىكىشلىك ئىگىن چەفانىنى تاشلاپ، يالاڭ ئاياغ، يالاڭ باش بولۇپ، رىدا ئېھرام كىيىپ بارادۇ. ئېھرامدىن بۆلەك ھېچنېمە كىيمەيدۇ، بەل باغلامايدۇ، تىرناق ئالمايدۇ، ئالەتنى تاتىلمايدۇ. مەسجىدى ھەرەمنىڭ تۆرت تەرەفىدە يىگىرمە توقۇز ئىشىكلەرى بار، ھەر دەرۋازەنىڭ بۆلەك ئىسمىلەرى بار. مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئوتتۇراسىدا خانەئى كەئبە بار. مەسجىدى ھەرەمنىڭ چوڭلۇغى شىمال تەرەفى بىلەن جەنۇب تەرەفى ئوتتۇز ئالتىدىن ئۆي، مەشرىق تەرەفى بىلە مەغرىب تەرەفى يىگىرمە تۆرتدىن ئۆي، ھەر ئۆينىڭ تۆرت سىڭگىرىدە تۆرتتىن تۈرگۈك، تۈرگۈكلەرنىڭ ئارالىغى ئىككى غۇلاچدىن. تۈرگۈكلەرى تاش، گۇمبەزلەرى ھەم تاش، يەرى ھەم تاش. قابۇقلارى يەغاچ. خانەئى كەئبەنىڭ تاش تامىنىڭ ئۇزۇنلۇغى ئاتمىش تۆرت غېرىچ، يەنە بىر تەرەف ئەللىك ئىككى غېرىچ، تاش يافۇغى قارا رەخددىن ئىكەن. كەلىمەئى شەرىفلەرنى تۇقۇپ چىقارىپدۇ. ئىچىدە قىزىل رەخددىن ئىكەن. خانەئى كەئبەنىڭ ئىچىدە يەغاچدىن ئىككى تۈرگۈكى بار. ئىشىكى كۈنچىقىش تەرەفىدە، بۇساغاسىغە ئېگىز ئىككى شاتۇ قويۇپ ئىشىكنى ئاچادۇ. ئىچىگە كىرىپ، تۆرت تەرەفكە باقىپ، سەككىز رەكئەت نەماز ئۆتەيدۇ. ئىچىدە بىر سىڭگەردە كىچىككىنە بىر ئىشىككە غۇلۇف سالىقلىق تۇرۇپدۇ. تۆرت تامى تۇبەسى تەمام گۆشىگە تارتىقلىق تۇرۇپدۇ. ئىشىكنىڭ ئايلىدا بوي يەتكۇچەلىك ئېگىز تامدا ھەجرە ئەسۋەد بار ئىكەن. كەئبەنىڭ شىمال تەرەفىدە ھەتىم دەپ بىر پارەئى ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ مۈرەسىيچە، يارىم نانىنىڭ ياڭزاسىدا بىر كۆك تاشدىن كوھنە تام بار ئىكەن. تەۋاف قىلغان ھاجىلار شۇبۇ ھەتىمنىڭ تاش بىلە يەتتە مەرتەبە چەۋرۈلۈر ئىكەن. كەئبەنىڭ ئۈستۈنگە ئولتۇرغۇزغان قۇۋۇش بىلەن يادا يامغۇر شۇبۇ ھەتىم ئىچىگە سۇ تۇشەدۇغان ئىكەن. بۇ قۇۋۇشلارنىڭ ئۇچىغە ئالتۇن قافلاپ قويۇپدۇ. ھەجەرۇل ئەسۋەددىن باشلاپ تەۋاف قىلىپ يەنە شۇل يەردە تەمام بولۇپدۇ. تەۋافدىن كېيىن مەسجىد ھەرەمنىڭ ئىچىدە خانەئى كەئبەنىڭ تاشىدا ئىككى رەكئەت نەماز ئۆتەپ تەمام قىلادۇ. ئاندىن كېيىن سەفا تاغىغە، مەرۋە تاغىغە چىقىپ دۇئا قىلىپ، تەكبىر

تەھلىل دۇرۇد ئايتادۇ. سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئاراسىدا ئىككى ئۇچىنىڭ يولى ئىكەن. خانەئى كەئبەنىڭ ئىشىك ئايلىسىدا جاھى زەمزەم بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇستۇنىدە بالاخانەدە سائەت نامە قويۇپ، نەمازلارنىڭ ۋەقتىنى بىلەدۇغان ئىكەن. ئىشىكنىڭ ئايلىدا مەقامى شافىئىي ئىكەن. جاھى زەمزەمنىڭ تۆبەن تەرەفىدە مەقامى ھەنبەل ئىكەن، مەغرىب بىلە جەنۇبنىڭ ئاراسىدا مەقامى مالىك ئىكەن. مەغرىب بىلەن شىمالنىڭ ئاراسىدا مەقامى ھەنىفە. مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە زەمزەمنىڭ يۇقىرى تەرەفىدە سەڭگى مەرمەردىن بىر مۇنبەر بار ئىكەن، يەتتە مۇنارەسى بار. ئانەھزرەت تۇغۇلغان، ۋۇجۇدغە كەلگەن يەردە گۇمبەز قىلىپ قويۇپدۇ. ئەرەفاتغە چىقۇردا خانەئى كەئبەنى يەتتە مەرتەبە چەۋرۇلۇپ چىقادۇغان ئىكەن. قۇربان ئايىنىڭ توققۇزىنچى كۇنى بارادۇغان ئەرەفات بىلەن كەئبەنىڭ ئاراسى ئەللىكنىڭ يەرى ئىكەن. ئونىنچى كۇنى نەماز دىگەرنىڭ ۋاقتىدە ئەمبەر ھەج ئاق تىۋە مىنىپ خۇتبە ئوقۇپدۇ. ھەج تەمام بولغاندىن كېيىن پادشاھلار قويغان لەشكەرلەر ئەرەفاتغە قاراپ مىلتىق ئاتادۇ، ئاتقاندىن كېيىن ھاجىلار ھەممەسى يانىپ مۇزدەلىفە دېگەن يەرگە كېلىپ ياتادۇ. ئاندىن ھەر كىشى يەتمىش تاش تېرىپ ئالادۇ. بۇ تاشنى ئۇچ كۇن ئاتادۇ، ئاندىن مىنا تاغىغە كىلەدۇ، بۇ يەردە يەتتە تاش ئاتادۇ، ساچىنى تۇشۇرەدۇ، قارا مال بوغۇزلايدۇ. ئاندىن كېيىن خاھلاسە يەنە تەۋاف قىلىپ سەفا، مەرۋە تاغىغە بارىپ، ئۇمرە تەۋاف قىلادۇ. ئۇمرە تەۋافدىن كېيىن يانىپ مەدىنەگە بارادۇ، مەككەدىن مەدىنەغە ئون ئىككى كۇندە يېتەدۇ. يولىدا قەراقچىلارى بار. ئىككى كۇنلۇك، ئۇچ كۇنلۇك يەرلەرىدە سۇيى يوق چۆل ئىكەن. مەدىنەنىڭ شەھرىنىڭ ھېسارى بار. بۇ شەھەرنىڭ چوڭلىغى تۇرفانچە بار. بازارى ھەم تولا قىزىق، خەلقى ھەم تولا. رەۋزەئى مۇبارەك شەھەرنىڭ ئوتۇراسىدا ئىكەن. رەۋزەئى مۇبارەكنىڭ چەۋرەسىدە تەمۇردىن قىلغان فەنجەرەلەرى بار ئىكەن. بۇ ئۇچ فەنجەرەنىڭ ئۇچ تەرەفىدە ئىشىكى بار ئىكەن. كۇمۇشدىن ئەتكەن غۇلۇف سالىپدۇ. بۇ فەنجەرەنىڭ ئىچىدە ئۇچ قەبرى بىرى بىرىدىن كېيىنرەك. فەنجەرەنىڭ ئىچىدە فەردەسى بار، تاشىدا ھەزرەتى بىبى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قەبرەلارى، تاشىدا تەمۇر فەنجەرەسى بار. ھەزرەتى ئوسماننىڭ مەزارى ئون بەشنىڭ بىرىدە جەننەتى بەقىئ دېگەن يەردە ئىكەن. ھەزرىتى ئەبباسنىڭ مەزارەتى ئوھۇد تاغىدا ئىكەن. يەكرەمەنىڭ يولى مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئۇچ مەشھۇر مەزار بار ئىكەن. مەدىنەدىن چىقىپ بەش كۇندە قارا يامغۇر دېگەن شەھەرغە بارادۇ. قارا يامغۇردىن مىسىرغە بارادۇغان ئىككى يول بار. بىر يول دەريا يولىدەك، قۇرۇقلۇق يول بىلەن يەتمىش كۇندە مىسىرغە يېتەدۇ. يولدا مىسرى پادشاھى قويغان لەنگەرلەرى بار چۆل ئىكەن. مىسىر ئۇچ شەھەر ئىكەن. ئۇلۇغ مازارلار بار. مىسرىدىن تۆرت كۇندە ئىسكەندەرىيەگە كېلەدۇ، دەريايى نىل بىلە كېلەدۇ. ئاندىن قىرىق كۇندە كېمە بىرلە رۇمغە كېلەدۇ. رۇمدا ئۇلۇغ مەزارلار، تولا غەرايىپ، ئەجايىپ تەماشا سەرايلار، قىسمى - قىسمى تايىفە - تايىفە خەلقلەر بار. خەلىفەئى رۇم ھاجىلەرغە تولا فەرۋىش قىلادۇ، ھەر تەرەفكە يول خەتى بېرىدۇ. رۇمدىن يەتتە كۇندە قىرىمغە چىقادۇ. قىرىم ئۇرۇسقا تابىئ، ئۇرۇسدىن ئىككى قىش بىر يازدا ئۆتۈپ كېتەدۇ. ئۇرۇسدەك چوڭ ئىقلىمنى كۆرمەدىم. يالغۇز كىشىما ئىختىيارى يۇرۇيدۇ. يول تىنچلىق. ئۇرۇس خەلقى مۇسافىرنى ئابدان كۆرەدۇر. ئۇرۇستىن قەزاق بىلەن يارغە كېلەدۇ. ياردىن ئون تۆرت كۇندە ماناسغە كېلەدۇ. ماناسدىن تۆرت كۇندە ئۇرۇمچىگە كېلەدۇ. ئۇرۇمچىدىن ئالتە كۇندە تۇرفانغە كېلەدۇ. بارىپ - يانىپ كەلمەگى يەتتە يىلغە كېلىپدۇر. كاشقەردىن يۇرۇپ يۇرتلاردە تۇرماسە، كەچە - كۇندۇز يۇرۇسە، ئۇچ يىل بارىپ - يانىپ كېلەدۇ. مەككە، مەدىنەنىڭ ئاشلىغىنى قۇدۇق سۇيى بىلە

سۇغارادۇ، ئاقىن سۈيى يوق. قۇدۇقتىن سۇ تارتقاندا ئۇلاق قوشۇپ سۇ تارتىپ زىرائەتلەرنى سۇغارادۇ. مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەختەلەرى ئۇشبۇ يەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن دەيدۇر.

**يەشمىسى:**

**مەككە، مەدىنىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۈچۈرى**

قەشقەردىن يولغا چىقىپ ئون ئىككى كۈندە ئۇچقا بارغىلى بولىدۇ. ئۈچ دېگەن قوقەندكە تەۋە بىر شەھەر ئىكەن. ئۇ يەردە سۇلايمانىنىڭ تەختى، خىزىر ئەلەيھىسسالامىنىڭ قەدەم جايلىرى بار. ئۈچتىن يۇرۇپ ئۈچ كۈندە مەرغىنانغا بارىدۇ. مەرغىناندىن يۇرۇپ ئىككى كۈندە قوقەندكە بارغىلى بولىدۇ. قوقەندتىن يۇرۇپ ئۈچ كۈندە خوجەندكە بارىدۇ. خوجەندتە ئىككى ئۇلۇغ مازار بار. خوجەندتىن يولغا چىقىپ بىر كۈندە ئۆرەتۆپىگە بارىدۇ. ئۆرەتۆپىدىن يۇرۇپ ئىككى كۈندە زابۇلغا بارىدۇ. ئۇ يەردىن يۇرۇپ بىر كۈندە جەساققا بارىدۇ. جەساق بۇخاراغا تەۋەدەك قىلىدۇ. ئۇ يەردىن ئىككى كۈندە سەمەرقەندكە بارىدۇ. سەمەرقەندتە ئەمىر تېمۇر كۆرەگانىنىڭ، ئالىيجاناب خاجە ئەھرار ۋەلىينىڭ، شاھ ئەمىر نونىدە ۋەلىينىڭ مازارلىرى بار. سەمەرقەندتىن يۇرۇپ ئىككى كۈندە يېڭى قورغانغا بارىدۇ. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ ئىككى كۈندە نەخشەبكە بارىدۇ. ئۇ يەردىن ئىككى كۈندە نۇرئاتىغا يېتىدۇ. نۇرئاتىدا چوڭ بىر بۇلاق بار. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قىش - ياز ئىسسىق تۇرىدۇ. ئۇ يەردىن يۇرۇپ يەنە ئىككى كۈندە غىجداۋانغا يېتىدۇ. غىجداۋاندا خوجا جاھاننىڭ مازىرى بار. ئۇ يەردىن يۇرۇپ بىر كۈندە بۇخاراغا بارىدۇ. مۇبادا ئۇدۇللاپ يۇرسە، سەمەرقەنتتىن تۆت كۈندە بۇخاراغا بارىدۇ. بۇخارانىڭ شەرق تەرىپىدە، يەكرەمە دېگەن جاينىڭ بىر يېرىدە بۇيۇك خوجا شاھ نەقشىبەندى ئەۋلىيانىڭ مازارلىرى بار. باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا بۇخارا خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى بەكلا مۇستەھكەم ئىكەن. ئۈچ كۈن ناماز ئۆتىمىگەن كىشىنى تېپىپ، ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسە شۇ كىشىنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى كۆممەي باياۋانغا تاشلىۋېتىدىكەن. باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىدىن ئالتە كەلىمە ۋە قىرىق پەرزنى سورايدىكەن. بىلمىسە شۇ كىشىنى كاپىر دەيدىكەن. ئۇ يەردىن يۇرۇپ ئالتە كېچە - كۈندۈزدە خارجەگە بارىدۇ. بۇ ئىككى جاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدا قاراقچىلار بار. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ توققۇز كۈندە بەلخقە بارغىلى بولىدۇ. بەلخ قەدىمىي شەھەرنىڭ سېپىلى پاراكەندە بولۇپتۇ. ئۇ يەردە شىس پەيغەمبەرنىڭ مازىرى بار ۋە يەنە نەچچىلىگەن ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرى بار. ئۇ يەردىن يۇرۇپ بىر كۈندە مەردانىلەر ھەزرىتى، مەردانىلەر شاھى ئەلىنىڭ مازارىغا يېتىدۇ. بۇ مازىردا ھاجەتمەنلەر، كۆزسىز، قول - پۇتسىز ، ئاغرىق كىشىلەر بېرىپ، ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ، كېسەللىرىگە شىپالىق تىلىسە، كېسەللىرىدىن ساقىيىپ قايتىدىكەن. ئۇ يەردىن يۇرۇپ بىر كۈندە تاشقورغانغا يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن يۇرۇپ ئىككى كۈندە قاداخانغا بارىدۇ.ئۇ يەردىن ئون بىر كۈندە كابۇلغا بارىدۇ. يولدا قاراقچىلار بار. كابۇل شەھەر خەلقى پارس تىلىدا سۆزلىشىدۇ، كابۇل بۇخاراغا ئوخشاش چوڭ شەھەر. ئۇ يەردە ئىككى ساھابىنىڭ مازىرى بار. ئاندىن يۇرۇپ ئون ئىككى كۈندە قەندىھارغا بارىدۇ. قەندىھار خەلقى ئافغان تىلىدا سۆزلەيدىكەن. ئاندىن بىر ئاي يۇرۇپ كەلاتغا بارىدۇ. كەلات پادىشاھىنىڭ ئىسمى ناسىرخان. ئاندىن يۇرۇپ ئۈچ كۈندە ھىندىستاننىڭ تەۋەسىگە بارىدۇ. ئۈچ ئاي يۇرۇپ ھىندىستاندىن ئۆتۈپ گۇجەراتقا بارىدۇ. گۇجەراتتا كېمىگە ئولتۇرۇپ ئالتە كۈندە بومباي دېگەن يۇرتقا بارىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ شەھەر. بۇ

شەھەردىن شور دەرياسىغا كىرىپ بىر ئاي قىرىق كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن جىددە دېگەن شەھەرگە يېتىدۇ. بۇ يەردە ھەۋۋا ئانىنىڭ مازىرى بار. ئەگەر بومباي دېگەن شەھەردىن كېمىگە ئولتۇرماي، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ماڭغاندا جىددىگە ئالتە ئايدا بارىدۇ. جىددىدىن ئىككى كۈندە بۈيۈك مەككىگە يېتىدۇ. مەككىدە ھەر يولنىڭ دوقمۇشلىرىدا ھەر تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارغا ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەسجىدلەر سېلىنغان. ئېھرام باغلاشتا غۇسلى قىلىپ، تىكىلگەن ئېگىن، چاپىنىنى سېلىپ، يالاڭ ئاياغ، يالاڭباش بولۇپ، يېپىنچا ئېھرام كىيىپلا بارىدۇ. ئېھرامدىن باشقا بىر نەرسە كىيىشكە، بەلنى باغلاشقا، تىرناق ئېلىشقا، ئالەتنى تاتىلاشقا بولمايدۇ. مەسجىد ھەرەمنىڭ تۆت تەرىپىدە جەمئىي يىگىرمە توققۇز ئىشىك بولۇپ، ھەر ئىشىكنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىسىملىرى بار. مەسجىد ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەبە ئۆيى بار. مەسجىد ھەرەم ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شىمال تەرىپى بىلەن جەنۇب تەرىپىدە ئوتتۇز ئالتىدىن ئۆي، شەرق تەرەپ بىلەن غەرب تەرىپىدە يىگىرمە تۆتتىن ئۆي بار. ھەر ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆتتىن تۈۋرۈك بار. ھەر تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقى ئىككى غۇلاچ كېلىدۇ. تۈۋرۈك، گۈمبەز ۋە يەرنىڭ ھەممىسى تاش. ئەمما، باشقا يەرلىرى ياغاچتىن ياسالغان. كەبە ئۆيىنىڭ تاشتىن ياسالغان تېمىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 64 غېرىچ، يەنە بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 52 غېرىچ بولۇپ، بۇ تاشنىڭ يوپۇقى قارا رەخت ئىكەن. ئۇنىڭغا شەرەپلىك كەلىمىلەر كەشتىلىنىپتۇ، ئىچى قىزىل رەختتىن ئىكەن. كەبە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان ئىككى تۈۋرۈك بار. كەبە ئۆيىنىڭ ئىشىكى كۈنچىقىش تەرەپتە بولۇپ، بوسۇغىسىغا ئىككى شوتىنى قويۇپ، ئاندىن ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئىچىگە كىرگەن ئادەم تۆت تەرەپكە قاراپ سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئىچىدىكى بىر بۇرجەكتىكى ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغانىكەن. تۆت تامنىڭ ئۈستى ئاخىرلاشقۇچە پەردە تارتىلغان. ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئادەم بويى يېتىدىغان ئېگىزلىكتىكى تامدا ھەجرە ئەسۋەد (قارا تاش) بار. كەبىنىڭ شىمالىدا ھەتىم دەپ بىر پارەئى، ئادەمنىڭ مۈرىسىگىچە كېلىدىغان ئېگىزلىكتە، يېرىم نانغا ئوخشايدىغان كۆك تاشتىن ياسالغان كونا بىر تام بار. تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ھاجىلار شۇ ھەتىمنى يەتتە قېتىم چۆرگىلەيدۇ. كەبىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان قوغاچ بىلەن يادا يامغۇر شۇ ھەتىمنىڭ ئىچىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بۇ قوغاچلارنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن قاپلاپ قويۇپتۇ. ھەجەرۇل ئەسۋەدتىن باشلاپ تاۋاپ قىلىپ، يەنە شۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. تاۋاپ قىلىش تۈگىگەندىن كېيىن ھەرەم مەسجىدىنىڭ ئىچىدە، كەبە ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن سەفا تېغىغا ۋە مەرۋە تېغىغا دۇئا قىلىپ، تەكبىر - تەھلىل دۇرۇدى ئېيتىلىدۇ. سەفا تېغى بىلەن مەرۋە تېغىنىڭ ئارىلىقى ئىككى ئۈچچىلىك كېلىدۇ. كەبە ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئۆينىڭ ئىچىدە زەمزەم بۇلىقى بار. بالىخانىنىڭ ئۈستىگە سائەتنامە قويۇلغان بولۇپ، ناماز شۇنىڭدىكى ۋاقىت بويىچە ئوقۇلىدىكەن. ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئىمامى شافىينىڭ جايى ئىكەن. زەمزەم سۈيى بار يەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىمامى ھەنبەلنىڭ جايى بار. جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىمامى مالىكنىڭ جايى بار. غەربىي شىمالىدا ئىمامى ھەنەپىنىڭ جايى بار. مەسجىد ھەرەمنىڭ ئىچىدە، زەمزەم سۈيى بار جاينىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر مۇنبەر بار بولۇپ، يەتتە مۇنارى بار ئىكەن. ئانھەزرەت (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) توغۇلغان يەر گۈمبەز قىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئەرافات تېغىغا چىقىدىغان چاغدا كەبە ئۆيىنى يەتتە قېتىم چۆرگىلەيدۇ. قۇربان ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى چىقىدىغان ئەرافات تېغى بىلەن كەبىنىڭ ئارىلىقى ئەللىكنىڭ يېرى ئىكەن.

ئۈنىنچى كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا ئەمبەر ھەج ئاق تۆگىگە مىنىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، ھەج تامام بولغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ئەرافات تېغىغا قارىتىپ مىلتىق ئاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجىلارنىڭ ھەممىسى مۇزدەلىفە دېگەن جايغا كېلىپ ياتىدۇ. ئاندىن ھەربىر كىشى يەتمىش تال تاش تېرىۋالىدۇ. بۇ تاشنى ئۈچ كۈن ئاتىدۇ. ئاندىن مىنا تېغىغا كېلىپ (شەيتانغا) يەتتە (قېتىم) تاش ئاتىدۇ. چېچىنى چۈشۈرىدۇ. قارا مال ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىسا سەفا ۋە مەرۋە تېغىغا بېرىپ ئۇمرە تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇمرە تاۋاپتىن كېيىن مەككىگە يېنىپ كېلىدۇ. مەككىدىن مەدىنىگە ئون ئىككى كۈندە يېتىپ بارىدۇ. يولدا قاراقچىلار بار ئىكەن. مەككىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يەرلەر سۇيى يوق چۆل ئىكەن. مەدىنە شەھىرىنىڭ سېپىلى بار، بۇ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى تۇرپانچىلىك بار. بازىرى ناھايىتى قىزىيدۇ، خەلقى كۆپ. رەۋزەئى مۇبارەك (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن، رەۋزەئى مۇبارەكنىڭ ئەتراپى تۆمۈر پەنجىرە بىلەن قورشاپ قويۇلغان. بۇ پەنجىرىنىڭ ئۈچ تەرىپىدە ئىشىكى بار. ھەر بىر ئىشىككە كۈمۈشتىن ياسالغان قۇلۇپ سېلىنغان. بۇ پەنجىرىنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىدىن كېيىنرەك تىزىلغان ئۈچ قەبرە بار. بۇ پەنجىرىنىڭ ئىچىگە پەردە تارتىلغان. پەنجىرىنىڭ تېشىدا ھەزرىتى بۇۋىپاتىمە (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي)نىڭ قەبرىسى بار. سىرتىدا تۆمۈر پەنجىرىسى بار. ھەزرىتى ئوسماننىڭ مازىرى ئون بەشنىڭ يېرىدىكى جەننىتى بەقى دېگەن يەردە. ھەزرىتى ئابباسنىڭ مازىرى ئوھۇد تېغىدا. يەكرەمەننىڭ يولىدا، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئۈچ مەشھۇر مازار بار. مەدىنىدىن چىقىپ، بەش كۈندە قارا يامغۇر دېگەن شەھەرگە بارىدۇ. قارا يامغۇردىن مىسىرغا بارىدىغان ئىككى يول بولۇپ، بىرى دېڭىز يولى، يەنە بىرى قۇرۇقلۇق يولى. قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق يەتمىش كۈندە مىسىرغا يېتىدۇ. يول بويى چۆللۈك، مىسىر پادىشاھى قويغان قونالغۇلار بار ئىكەن. مىسىرنىڭ ئۈچ شەھىرى بار. ئۇ يەردە ئۇلۇغ مازارلار بار. مىسىردىن نىل دەرياسى ئارقىلىق ئۈچ كۈن يۈرگەندە ئىسكەندەرىيىگە كېلىدۇ. ئاندىن كېمە بىلەن قىرىق كۈن يۈرۈپ رۇمغا كېلىدۇ. رۇمدا ئۇلۇغ مازارلار، تاماشا قىلىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ سارايلار، تۈرلۈك ـ تۈمەن تائىپىدىكى خەلقلەر بار. رۇمنىڭ خەلىپىسى ھاجىلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىكەن. ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول خېتى بېرىدۇ. رۇمدىن يەتتە كۈن يۈرگەندە قىرىمغا كېلىدۇ. قىرىم ئۇرۇسقا تەۋە. ئۇرۇستىن ئىككى قىش بىر ياز يول يۈرگەندە ئاندىن ئۇنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئۇرۇسنىڭ زېمىنى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدەك چوڭ ئىقلىمنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇرۇستا يالغۇز كىشىمۇ ئىختىيارى يۈرىدۇ، يول ئىنتايىن تىنچ. ئۇرۇسلار مۇساپىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇرۇستىن قازاق ئارقىلىق يارغا كېلىدۇ. ياردىن ئون تۆت كۈندە ماناسقا كېلىدۇ. ماناستىن تۆت كۈندە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىن ئالتە كۈندە تۇرپانغا كېلىدۇ. ھەجگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن يەتتە يىل كېتىدۇ. قەشقەردىن يولغا چىقىپ، باشقا يۇرتلاردا تۇرماي، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندە، ھەجگە ئۈچ يىلدا بېرىپ كەلگىلى بولىدۇ. مەككە مەدىنىدىكى زىرائەتلەر قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئېقىن سۇ يوق. قۇدۇقتىن سۇ تارتقاندا، ئۇلاغ قوشۇپ سۇ تارتىدۇ ھەم شۇ خىل ئۇسۇلدا زىرائەتلەرنى سۇغىرىدۇ. مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەرەخلىرى بىزنىڭ يۇرتنىڭ بىلەن ئوخشاش.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)




تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرى كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدىن قالغان يازما يادىكارلىقلار بولۇپ، بىز بۇ يادىكارلىقلار ئارقىلىق ئەينى دەۋردە قوللىنىلغان يېزىق ۋە بۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل ئۆرنىكىگە ئىگە بولالىدۇق. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئەينى دەۋردە روي بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەر، ئەسكىرىي يۈرۈشلەر، يەر - جاي ناملىرى ھەمدە ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولمىغان ئېتنوگرافىك ھادىسىلەردىنمۇ ئۇچۇرغا ئىگە بولالىدۇق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى گەرچە سان جەھەتتىن ئاز ۋە ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان «كىچىك قامۇس». بۇ مەڭگۈ تاشلار تەخمىنەن مىڭ يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مىلادىيە 1730 - يىلى شۋېتسىيىلىك ئەسكەر سترالېنبېرگ (F·J·Stralenberg) تەرىپىدىن ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن 164 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ، 1894 - يىلىغا كەلگەندە، دانىيىلىك تىلشۇناس تومسېن ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى يېزىقلارنى يېشىپ ئوقۇغانلىقىنى (ئوقۇغانلىق ھەققىدىكى دوكلاتىنى) دانىيە ئوردا پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە سۇندى. رۇسىيىلىك ئالىم رادلوفمۇ تومسېندىن پەقەت تۆت سائەت كېيىنلا ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقلىرىنىڭ سىرىنى ئاچقانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ھەر خىل مەزمۇنلار چەت ئەل ۋە ئېلىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ كەلدى ھەم نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭلىق بىلەن ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئاخىرىغا بېرىپ قالدى، دەپ ئېيتالمايمىز. بىز نەزىرىمىزنى ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىغا ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدا ھازىرغا قەدەر تەتقىق قىلىنمىغان ياكى ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭغا «بالبال» سۆزىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

«بالبال» سۆزى ھازىرقى دەۋردە كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. «سېلىنشتۈرمىغۇچە پەرقىنى تاپقىلى بولمايدۇ». مەن تەتقىقاتقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ھەمدە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئۆزۈم كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولغان «بالبال»غا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئالدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

«بالبال — ئى.(ئارخېئول) قەدىمكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرى قەبرىگاھ ياكى قورغان ئەتراپلىرىغا خاتىرە سۈپىتىدە ئورنىتىپ قويىدىغان، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە تاش. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئويما ياكى قاپارتما يېزىق ۋە بەلگىلەر بولىدۇ.»①

«ھەر خىل يول بىلەن ئەرۋاھلارغا «يۇغا» بېرەتتى. «خان بەگلەر» ئۆلسە، ئۇنىڭ يەرچۈسى

(قەبرىسى) غا «بالبەل» (تاش ھەيكەل) تىكلەيتتى. بەزى بالباللارغا ئۆلگۈچىنىڭ تەرجىمىھالى ئويۇلاتتى. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا قىلغان جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، يەرچۆسىنىڭ چۆرىسىگە شۇنچە تاش تىزىپ قويۇلاتتى.» ②

«بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «بىز شىنجاڭ مەركەز قىلىنغان كەڭ مەركىزىي ئاسىيا دالالىرىدا كۆپلىگەن بالباللارنىڭ، ئەر - ئايال بولۇشىغا قارىماي، ئوڭ قولىدا مەي قاچىسىنى، سول قولىدا خەنجەر دەستىسىنى تۇتقان، مەي قاچىسىنى يۈرەك كۆكرىكى ئۈستىگە، خەنجەر دەستىسىنى جىگەر، ئۆت ئۈستىگە توغرىلىغانلىقىنى كۆرىمىز» ③ دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۆۋەندىكى رەسىملەرنىمۇ قىستۇرما قىلغان. بۇ رەسىملەر تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ رەسىملەرنىمۇ كۆچۈرۈپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.



شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بالبالار پۈتۈنلەي بالبالدىكى شەخسنىڭ قەبرە بېشىغا قويۇلغان بولماسلىقى مۇمكىن. مۇھىم قونالغۇ، جەڭگاھ، مۇراسىم مەيدانلىرىدىنمۇ بالبالار تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا 6 - ئەسىرگە ئائىت پەنجىكەنت تام رەسىملىرى ئارىسىدا بەللىرىگە قىلىچ - خەنجەر ئاسقان ئەركەك قەھرىمانلارنىڭ مەي قاچىلىرىنى تۇتقان كۆرۈنۈشلىرى ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابلىز مۇھەممەت سايرامىمۇ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «بالباللار (تاش ئادەم ھەيكىلى) تاش ھەيكەلتىراشلىقنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ياراتقان يەنە بىر مۇھىم ئۇتۇقى ۋە ئاسىيا يايلىقىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت يادىكارلىقى بولۇپ، ھازىرغىچە 1000غا يېقىن بالبال ھەيكەل ئېنىقلانغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دىيارىمىزدىن 300 پارچىدىن كۆپرەكى بايقالغان» ④ دېيىش بىلەن بىللە تۆۋەندىكى رەسىملەرنى قوشۇمچە قىلدى.



زەيساندىن تېپىلغان پىچاق ئېسىۋالغان قىياپەتتىكى بالباللار



بۇرچىندىن تېپىلغان پىچاق ئېسىۋالغان قىياپەتتىكى بالباللار



جىڭ ناھىيىسى-دىن تېپىلغان پىچاق ئېسىۋالغان قىيا-پەتتىكى بالباللار



كۆكتوقايدىن تېپىلغان پىچاق ئېسىۋالغان قىيا-پەتتىكى بالبال

يۇقىرىدا بىز ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن «بالبال» ھەققىدىكى مەلۇماتلار ھەمدە ئۇلارغا قىستۇرما قىلىنغان رەسىملەرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلاردىن باشقا، يەنە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ ۋە 16 ـ كۈنلىرىدىكى سانلىرىدا شىمگو رايونىدىكى بىر ساياھەت ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ھەمدە رەسىملەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ساياھەت ئورنىنى «بالبال ساي» دەپ ئاتىغان.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، خەت چېكىلگەن مەڭگۈ تاشلارنىڭ ۋە ئادەمنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن تاش ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى «بالبال» ئاتالغاندەك قىلىدۇ.

كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرلىرىدە «بالبال» سۆزىنىڭ زادى نېمە مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «بالبال»غا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قاراپ باقايلى:

«بۇ ... ئاياللىرىنى يوق قىلدىم ... بار ... ئۇرۇش قىلدىم ... باتۇرىنى ئۆلتۈرۈپ بالبال قىلىپ بەردىم. ئەللىك يېشىمدا تاتابى خەلقى قىتاندىن ئايرىلدى.» ⑤

«قوغ جياڭجۇن تۇت تۇمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. توڭگۇس تېغىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدىم. ئۈچ تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈم. بىر تۈمەن ئەسكىرى ... تاتابى ... يوقىتىلدى. چوڭ ئوغلۇم ئاغرىپ ئۆلگەندە، قوم جياڭجۇننى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. مەن ئون توققۇز يىل شاد بولدۇم. ئون توققۇز يىل خاقان بولدۇم. دۆلەتنى باشقۇردۇم، ئوتتۇز بىر ...» ⑥

«ئاتام خاقان ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ئورناتقاندىن كېيىن، بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئاتام خاقاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باز خاقاننى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ. كېيىن قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاساسەن، تاغام خاقان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاغام خاقان بولغاندىن كېيىن تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە يېقىپ تەربىيىلىدى. يوقسۇللارنى باي قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى.» ⑦

«ئەسكىلىكلەردىن تاغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى. دەسلەپتە قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. تۈرك خەلقىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاتامنى خاقان، ئانامنى خانىش قىلىپ كۆتۈرگەن تەڭرى، ئەل بەرگەن تەڭرى، تۈرك خەلقىنىڭ نام ـ شۆھرىتى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ مېنى خاقان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى.» ⑧

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «بالبال»غا مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، «بالبال» قىلىنغۇچىنىڭ دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن خاقانى ياكى ئەسكەر قوماندانى ئىكەنلىكى، «بالبال» قىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئۇرۇشتا غالىب كەلگەن تەرەپنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلگەن خاقانى ياكى خانزادىسى ئىكەنلىكى، «بالبال» قىلىنغۇچى بىلەن «بالبال» قىلىدىغان ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قىلغانلىق، ئۆلتۈرگەنلىك ياكى ئۆلتۈرۈلگەنلىك سەۋەب ـ نەتىجىسىنىڭ بولمايدىغانلىقى، بۇنداق «بالبال» قىلىشنىڭ پەقەت، «بالبال» قىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئەمدى دەۋرىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈلگەن ياكى ئادەم سىياقى چۈشۈرۈلگەن تاش ھەيكەللەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «بالبال» دەپ ئاتايدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ بەلكىم «قىرغىز قاغاتىچ بالبال تىكدىم» (قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما، 70 ـ بەت)، «ئالپ ئەدىن ئۆلۈرۈپ بالبال قىلۇ بىر تىم» (97 ـ بەت) ۋە «قوم سەنگۇنۇگ بالبال تىكە بىر تىم» (97 ـ بەت) دېگەن جۈملىلەردىكى «تىكدىم»، «قىلۇ بىر تىم»، «تىكە بىر تىم» دېيىلگەن سۆزلەرگە قاراپ شۇنداق ئالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، ئادەم سىياقىدا ياسالغان ياكى

ئادەم سىياقى چۈشۈرۈلگەن تاشلارنى «بالبال» دەپ ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ھازىرقى دەۋردە مەشھۇر ئادەملەرنىڭ گەجدىن، تۆمۈردىن، مىستىن ۋە ئالتۇندىن ياسالغان ھەيكەللىرىنى «بالبال» دەپ ئاتىساق بولامدۇ ـ يوق؟

ئەمدى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «بالبال تىكدىم»، «بالبال تىكە بىر تىم»، «بالبال قىلۇ بىر تىم» دېيىلگەن سۆزلەرگە كەلسەك، «تىكدىم»، «تىكە بىر تىم» دېيىلگەنىكەن، چوقۇم تاشنى ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ، تىكىپ قويغان گەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «بالبال» دەپ ئېلىشىمىز كېرەك، دەپ چىڭ تۇرۇۋالساق ئىلمىي بولماي قالغان بولامدىكىن. چۈنكى «بالبال قىلۇ بىر تىم» دېگەن سۆزمۇ ئۇچرايدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەم سىياقىدا ياسالغان تاشنى «بالبال» دەپ ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنى «بالبال» قىلىنغۇچىنىڭ سىياقى دەيمىزمۇ ياكى «بالبال» قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ سىياقى دەيمىزمۇ؟ بۇمۇ بىر ئەقەللىي جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مېنىڭچە، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بالبال تىكدىم»، «بالبال تىكە بىر تىم»، «بالبال قىلۇ بىر تىم» دېيىلگەن سۆزلەرنى «تاشنى ئادەم سىياقىدا ياساپ ئورناتتىم» دەپ چۈشەنسەك توغرا بولمايدۇ.

مەن بۇنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلىماقچى. كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەخس تۇنيۇقۇق ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «بىلگە تۇنيۇقۇق بەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىڭە قىلىنتىم؛ تۈرك بودۇن تابغاچقا كۆرۈر ئەرتى» (بىلگە تۇقيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۈم. (ئۇ زامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى) ⑨ دېگەنىدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە «بەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىڭە قىلىنتىم» دېگەن جۈملىدىكى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان «قىلىنتىم» دېگەن سۆزدە. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا «ئۆستۈم» دەپ يەشمە قىلىنغان.

تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئەتتى» سۆزىنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن «قىلدى» سۆزىگىمۇ تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىپ ئۆتىدۇ: «ئەتتى: (تەڭرى مەنىڭ ئىشىم ئەتتى) ـــ تەڭرى مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭلىدى. (ئۇ يۇكۈنچ ئەتتى» ـــ ئۇ ناماز ئۆتىدى. ئوغۇزچە. ئوغۇزلار بىر ئىشنى قىلسا (ئەتتى) سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. تۈركلەر (قىلدى) دەيدۇ. لېكىن، بۇ سۆز جىنسىي ئالاقىگىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خوتۇنلار خىجالەت بولمىسۇن دەپ بۇ سۆزنى قوللىنىشتىن ۋاز كەچكەن»⑩. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھىدىن «قىلدىم» سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدۇق. تۇنيۇقۇقنىڭ «بەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىڭە قىلىنتىم» دېگەن سۆزىنى سۆزمۇ سۆز يەشمە قىلساق، ئۇنداقتا قانداق مەنە كېلىپ چىقىدۇ؟ «قىلىنتىم» سۆزىنىڭ «بويۇدۇم» (ئۆستۈم)، «دۇغدۇم» (تۇغۇلدۇم) دېگەن سۆزلەر بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

مېنىڭچە، ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدىغان «بالبال» سۆزى ھەم سىنماتىكىلىق ھەم ئېتنوگرافىيىلىك مەنىلەرگە ئىگە. بۇلارنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، «بالبال» سۆزىنىڭ ئەسلىدە بولغان مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھازىرچە ئۇنىڭ سىمانتىكىلىق مەنىسى ئۈستىدە توختالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك مەنىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. خۇددى باشتا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن دۈشمەن تەرەپنىڭ خاقانى ياكى باتۇرلىرىنى، دۈشمەن تەرەپنىڭ خاقان ياكى باتۇرلىرىنى ئەسىر ئالغان تەرەپنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن خاقانلىرىنىڭ ياكى باتۇرلىرىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ قەتل قىلىدىغان بىر خىل ئادەتنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن خاقانلار ياكى باتۇرلار بىلەن ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن دۈشمەن تەرەپنىڭ

خاقانلىرى ياكى باتۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى بىلىنمەيدۇ. بۇ خىل ئېتنوگرافىيىلىك ھادىسىنىڭ كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن باشقا، يەنە باشقا ئەل خەلقلىرىدىمۇ بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بايانلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر «24 تارىخ» نىڭ بىرى بولغان «كېيىنكى خەننامە» دە: «دۇشيەننىڭ مىجەزى ئىتتىك ۋە چۇس ئىدى. بىرەرى ئۇنىڭغا كۆز ئالايتىپ قويسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماي قالمايتتى. يوگىننىڭ يىللىرى ئوردا مەلۇمچىسى خەن يۇ ئۇنىڭ ئاتىسى دۇشۇننى سوراق قىلغانىدى، شۇڭا دۇشيەن قاتىل ئەۋەتىپ، خەن يۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە ئاپىرىپ، نەزىر - چىراغ قىلدى»⑪ دېيىلگەن بايانلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بولغان «سۇ بويىدا» رومانىدا بايان قىلىنىدىغان 108 پالۋاننىڭ بىرى بولغان ۋۇسوڭ پالۋان ھەممىمىزگە تونۇشلۇق. «ۋۇسوڭنىڭ ئاكىسى ۋۇدا خوتۇنى پەن جىنلىيەن تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ۋۇسوڭ ئاكىسى ۋۇدانىڭ پەن جىنلىيەن، ۋاڭ كەمپىر ۋە شى مېنچىڭلار تەرىپىدىن سۇيىقەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پەن جىنلىيەننى، ئۇنىڭدىن كېيىن شى مېنچىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىۋېلىپ، ئىككى كېسىك باشنى ئاكىسى ۋۇدا ئۈچۈن تەييارلانغان ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا قويۇپ، نەزىر - چىراغ قىلىدۇ»⑫.

يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن «كېيىنكى خەننامە» ۋە «سۇ بويىدا» رومانىدىكى ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قەبرە ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، نەزىر - چىراغ قىلىش بىلەن «ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا قويۇپ، نەزىر - چىراغ قىلىش» نىڭ ماھىيىتى، ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغان خاقانىنى ياكى پالۋانلىرىنى ئۆلۈپ كەتكەن خاقانلىرى ياكى پالۋانلىرىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ «بالبال قىلىپ بېرىش» نىڭ ماھىيىتى ئوپمۇ ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بالبال قىلىپ بېرىش»نى «تاشنى ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ ئورناتتىم» دەپ چۈشەنمەي، «ئۆلگەن خاقان ياكى پالۋاننىڭ روھىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدىم» دەپ چۈشىنىش كېرەك ھەم شۇنداق ئېلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، «بالبال» نىڭ ئەسلىدىكى سىمانتىكىلىق مەنىسى قوللىنىلغان بولىدۇ.

ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان «بالبال قىلىش»، «قۇربانلىق قىلىش» نى كۆرسەتسە، «نەزىر - چىراغ قىلىش» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بىز ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىغا قايتىدىن مۇراجىئەت قىلساق، ئۇنىڭدا نەزىر - چىراغقا دائىر بايانلار ئۇچرايدۇ. مەن سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرلا بايانىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ئەسلىسى:

كۆل تېگىن قوينى يىلقايىتى يىگىرمەكە ئۇچدى. توقۇزىنچ ئاي يەتى ئوتۇزقا يوغ ئەرتۈرتىمىز. بارقىن بەدىزىن بىتىگە تاشىن بىچىن يىلقا يىتىنچى ئاي يىتى توقۇزقا قوپ ئالقادىمىز. كۆل تېگىن ئۆلۈپ قىرىق ئارتۇقى يىتى باشلىغ بولتى تاش ... بۇنچا بەدىزچىگ تۇيغۇن ئەلتەبەر كەلۈرتى.

يەشمىسى:

كۆل تېگىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق. قەبرىسى، نەقىشى، تاش پۈتۈكى (تاش مۇنارە) مايمۇن يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى. كۆل تېگىن قىرىق يەتتە

يىل ئۆمۈر كۆردى تاش ... بۇ ئۇستىلارنى تۇيغۇن ئەلتەبەر كەلتۈردى⑬.

بىز يۇقىرىدا بايانغا قارايدىغان بولساق، كۆكتۈرك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىرەر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا «نەزىر - چىراغ» ئۆتكۈزىدىغانلىقى، بۇنىڭ شۇ دەۋرلەردە «يوغ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ خىل ئېتنوگرافىك ھادىسە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر «24 تارىخ» ىنىڭ بىرى بولغان «جۇنامە»دە خېلى ئەتراپلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەيلى ئېلىمىز ئالىملىرى بولسۇن، مەيلى چەت ئەل ئالىملىرى بولسۇن، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتا «جۇنامە» دىكى مۇشۇ ئېتنوگرافىك ھادىسىنى تىلغا ئالماي ئۆتمەيدۇ. مەن بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارغا ئاشۇ ئېتنوگرافىك ھادىسىنىڭ ئەسلىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

死者，停屍於帳，子孫及諸親屬男女，各殺羊馬，陳於帳前，祭之。繞帳走馬七匝，一詣帳門，以刀剺面，且哭，血淚俱流，如此者七度，乃止。擇日，取亡者所乘馬及經服用之物，并屍俱焚之，收其餘灰，待時而葬。春夏死者，候草木黃落，秋冬死者，候華葉榮茂，然始坎而瘞之。葬之日，親屬設祭，及走馬剺面，如初死之儀。葬訖，於墓所立石建標。其石多少，依平生所殺人數。又以祭之羊馬頭，盡懸挂於標上。〔是日也，男女咸盛服飾，會於葬所。⑭

周書卷五十

九一〇

ئۇنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن چېدىرىنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇلاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا قوي ۋە ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنى چېدىر ئالدىغا تىزىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. ئاتقا مىنىپ، چېدىر ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى، ھەربىر ئايلىنىپ، چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلىپ، ھازا ئېچىشاتتى. يۈزلىرىدىن ئاققان قان بىلەن كۆز ياشلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۇدا يەتتە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاندىن بولدى قىلىشاتتى. تاللانغان كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆلگۈچىنى ھايات چېغىدا مىنگەن ئېتى ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى مۇۋاپىق بىر مەزگىل كەلگەندە ئاندىن دەپنە قىلاتتى. ئەتىيازدا ياكى يازدا ئۆلگەن ئادەمنى ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىغاندا، كۈزدە ياكى قىشتا ئۆلگەن ئادەمنى بولسا، گۈل - چېچەكلەر تازا ئېچىلغان چاغدا ئاندىن قەبرە كولاپ دەپنە قىلاتتى. دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خۇددى دەسلەپ ئۆلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش يەنىلا نەزىر - چىراغ قىلىپ ۋە ئات مىنىپ ئايلىنىپ، يۈزلىرىنى تىلىشاتتى. دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قەبرە ئۈستىگە تاش قوپۇرۇپ، بەلگە قىلىپ قوياتتى. قوپۇرۇلغان تاش سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەن ئادەم سانىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قۇربانلىق قىلىنغان قوي ۋە يىلقىلارنىڭ كاللىرىنى قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قوياتتى. بۇ كۈنى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ، دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن جايغا يىغىلىشاتتى⑮.

بىز يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بىرەر كىشى ئۆلسە، ئۇنىڭغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يار - بۇرادەرلىرى ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ، نەزىر - چىراغ قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا قانچە ئادەم

ئۆلتۈرگەن بولسا، شۇنىڭ باراۋەرىدە تاش تىزىپ قويىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ بىر ئېتنوگرافىك ھادىسە بولۇپ، بۇنىڭ ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان «يوغ» سۆزىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر ۋە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان «بالبال» سۆزىنىڭ خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۆلگۈچىگە ئۇنىڭ بالىلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغان قاغانىنى ياكى باتۇرىنى قەبرە ئالدىغا ئاپىرىپ قۇربانلىق قىلىشنى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈتاشلىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان «يوغ» سۆزىنىڭ ئۆلگۈچىگە ئۇنىڭ بالىلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئات، قوي، كالىلارنى ئۆلتۈرۈلۈپ، نەزىر - چىراغ قىلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، «بالبال»، «يوغ» سۆزلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى بولغان بولىدۇ.

ئۇنداقتا «ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈلگەن، تاشتىن ياسالغان ھەيكەللەرنى نېمە دەپ ئاتايمىز» دېگەن سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن. مەن بۇ ھەقتە توختىلىشتىن ئىلگىرى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان («تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىن) ناملىق تەزكىرىنى كەسپداشلىرىمىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى ھاۋالە قىلىماقچىمەن. ئۇنىڭدا قەدىمكى ئادەملەر تەرىپىدىن ياسىلىپ، دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن، تاشتىن ياسالغان ئادەم سىياقىدىكى ھەيكەللەر «سىنتاش» دەپ ئاتالغان⑯. بۇ ئىنتايىن جايىدا قويۇلغان نام بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىزدا بۇ نامنى ئومۇملاشتۇرساق، دېگەن پىكىردىمەن. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئادەملىرى تەرىپىدىن ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن، مىستىن، تۆمۈردىن ياكى گەجدىن ياسالغان ھەيكەللەرنى بولسا، «ھەيكەل» دەپ ئاتىساق.

تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «سىن» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىن — بوي - تۇرۇق. بوزلۇغ سىنلىغ كىشى — بويى ئۇزۇن كىشى دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. گۆرمۇ (سىن) دېيىلىدۇ. چۈنكى گۆرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولىدۇ»⑰. ھازىرقى دەۋردىمۇ بىرەر ئادەمنى سۈپەتلىگەندە، بوي - تۇرقى كېلىشكەن، بوي - تۇرقى قاملاشقان، دېگەن سۆزلەرنى دائىم ئىشلىتىمىز. بۇ «سىنى كېلىشكەن»، «سىنى قاملاشقان» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۈستىدە توختىلىۋاتقان، ئەجدادلار تەرىپىدىن تاشتىن ياسالغان ھەيكەللەرنى «سىنتاش» دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ «ئادەم تۇرقلۇق تاش»، «ئادەم تۇرقىغا كەلتۈرۈلگەن تاش» ياكى «ئادەم قىياپەتلىك تاش» دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ ھەقتە كەسپداشلارنىڭ قانداق تەلەپ - پىكىرلىرى بولسا سەمىمىي قارشى ئالىمەن.

**ئىزاھاتلار:**


① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1990 - يىلى 5 - ئاي 1 - باسمىسى، 1 - توم 397 - بەت.

② ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 2000 - يىلى 3 - ئاي 1 - باسمىسى، 99 -، 100 - بەتلەر.

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مەي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 1 - سان، 48 - بەت.

④ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇرلاردا پىچاق مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان، 72 ـ بەت.

⑤⑥⑦⑧⑨ ⑬ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى، 53 ـ، 76 ـ، 83 ـ، 85 ـ، 104 ـ، 105 ـ، ، بەتلەر.

⑩⑰ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى، 1 ـ توم 231 ـ بەت؛ 3 ـ توم 189 ـ بەت.

⑪ فەن يې، سىما بياۋ: «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە نەشرى)، 1996 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1996 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى، 195 ـ بەت.

⑫ شى نەيئېن، لۇگۇەنجۇڭ: «سۇ بويىدا» (ئۇيغۇرچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1985 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى، 1 ـ توم 631 ـ بەتتىن 745 ـ بەتكىچە.

⑭ تاڭ لىڭ، گۇ دېفىن: «جۇنامە» (خەنزۇچە)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرىياتى، 1971 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1974 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى (بېيجىڭ)، 2 ـ توم 910 ـ بەت.

⑮ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 671 ـ، 672 ـ بەتلەر.

⑯ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، 42 ـ بەتتىن 64 ـ بەتكىچە.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



(ئەقىل قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر)

ـــ قۇتادغۇبىلىكتىن

خەتتات: مەمەت نەۋبەت)

# قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

گۈلجاھان خۇشدىل

ئېلىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت ئىناق، ئورتاق ياشىغان، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى تەڭ مەۋجۇت بولغان، بىر - بىرىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن رايونلارنىڭ بىرى. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر تارىختا ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، ئوخشىمىغان يېزىقلارنى ئىشلەتكەن بولغاچقا، ئۇلاردىن بىزگە كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت نامايەندىلىرى، جۈملىدىن نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر مىراس بولۇپ قالغان. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە «تەبىئىي مۇزېي» دەپ ئاتىلىشىمۇ دەل ئۇنىڭ باغرىدا سانسىزلىغان تېپىلغۇسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىدىندۇر. بۇنداق مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئىچىدە ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەزمۇن قىلىپ پۈتۈلگەن قەدىمكى ئەسەرلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەن 1982 - يىلى مەملىكەت مىقياسىدا قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش خىزمىتى توغرىسىدا ئالاھىدە يوليورۇق بەردى. گوۋۇيۈەن 1984 - يىلى ئېلان قىلغان 30 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلەپ، زۆرۈر بولغان ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. مەزكۇر ھۆججەتتە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت» ① دەپ تەكىتلەنگەندىن باشقا، يەنە كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەش توغرىسىدىمۇ ئېنىق پرىنسىپلار بەلگىلەنگەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ساھەدە كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلەندى، نۇرغۇن نەتىجىلەرمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنىڭدىن بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان تىل ۋە شەكىلدە ئۇنى قايتا يورۇقلۇققا چىقىرىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىزمەت كەسپىي خادىملاردىن قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تولۇق چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىلمىي ھەم ئەمەلىي قىممىتىنى

① «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە دائىر ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 2003 - يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تۈزگەن توپلام، 8 - بەت.

توغرا باھالاپ بېكىتەلەيدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا ئوخشىمىغان نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىرقەدەر توغرا بولغان نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان، زوررور يەرلىرىنى شەرھلىيەلەيدىغان، ئەسلىنى ساقلىغان ئاساستا ئۇنى ھازىرقى ئوقۇرمەنلەر چۈشىنەلەيدىغان شەكىلگە كەلتۈرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ھەم بۇ خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك مول بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ بايان قىلىشنى توغرا تاپتىم.

1) قەدىمكى ئەسەرلەرنى قايتا نەشر قىلىشتا خادىملارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە پرىنسىپچانلىقى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچى خادىملار ئالدى بىلەن ئۆزى نەشرگە تەييارلىماقچى بولغان ياكى تەھرىرلەۋاتقان ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدىغان، بەلگىلەنگەن سىياسىي ۋە ئىلمىي پرىنسىپلار بويىچە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئەسەرلەر تارىخنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك تارىخىي شارائىتلاردا ئوخشىمىغان ئېھتىياجلار تۈپەيلى يېزىلغاچقا، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن كۆز قاراشلار، تەشەببۇسلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كۆپىنچىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىدىيىلەر، قاراشلار، تەشەببۇسلار بايان قىلىنسا، قىسمەنلىرىدە خۇراپاتلىق، چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنيالىق، تەبىقىچىلىك ۋە فېئودال ئىستىبدااتلىق خاھىشلىرى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ياكى رايوننىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان باشقا مەزمۇنلارمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلانغان. بۇ نۇقتىدىن قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، نەشرگە تەييارلىغۇچى ياكى مۇھەررىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئىشلىگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن قانچىلىك نەپ بېرەلەيدىغانلىقىغا قاراش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانداق رول ئوينىغانلىقى، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن قانچىلىك ئىلغار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغىمۇ قاراش كېرەك، ئۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش لازىم.

2) يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەش زور ئىجتىمائىي كۈچ ۋە مول بىلىملەرنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتتۇر. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى شۇ مىللەتنىڭ يېزىق ئىشلىتىش تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، يەنى بىر مىللەتنىڭ يېزىق ئىشلىتىش تارىخى قانچە ئۇزۇن بولسا، ئۇنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىمۇ شۇنچە ئۇزۇن ۋە مول بولىدۇ. يېزىق بىلەن تىل ئايرىلماس مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۇزۇن تارىختىن بۇيان پەقەت بىرلا يېزىقنى ئىشلەتكەن ياكى تىلى ئۆزگىرىشتىن خالىي بولغان مىللەت تېپىلمىسا كېرەك. پەرق شۇ يەردىكى، بەزى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان، بەزى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى بولسا تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە ئۆزگىرىشلەرگە كۆپرەك يولۇققان. ئالايلۇق، ئەرەب ۋە پارس تىلى ھەم يېزىق ۋە ئىملا جەھەتتىن، ھەم تىل جەھەتتىن مىڭ يىلدىن بۇيان ئاساسەن ئۆزگەرمەي ئەسلىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. يېزىق ۋە ئىملامۇ قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق. بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكى (858 — 941)نىڭ ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى پارس تىللىق

خەلقلەر قىينالماستىن ئۆز ئورنىغا قويۇشى ئۈچۈن تەرجىمىلەر كۆپرەك... 

ئاۋۋالقى قۇرلارنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى:

4) قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشتە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش ۋە ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى خاسلىقى، بەدىئىي سەنئەتلەر ۋە تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ساقلاش، ئۇنى يېڭىدىن نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىدىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنلارنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، شىنجاڭدىكى قايسىلا مىللەت بولسۇن، ئۇنىڭ تارىختىكى ئەدەبىياتى شېئىرىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ساقلىنىۋاتقان، رەتلەپ نەشر قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىمۇ ئەدەبىياتقا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان، ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەرلەرنى ياراتقۇچى ئاپتورلار ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىللە ئۇنىڭ شەكلىگىمۇ تەڭ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان ۋەزىن ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئەسەرنىڭ گۈزەللىكىنى، تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدىغان قاپىيە شەكىللىرىگە ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئوبرازچانلىقىنى كۈچەيتىدىغان بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللايدۇ. بۇلار ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ياكى بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىغاندا ياكى تەھرىرلىگەندە ئۇلارنىڭ ۋەزىن، قاپىيە ۋە بەدىئىي سەنئەتلىرىگە ئائىت خاسلىقىنى ساقلاپ، ئۇنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشمۇ ئىلمىي خادىملارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنىمۇ، ئىلمىي قىممىتىنىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ، نەشرگە تەييارلانغان ئەسەر ئىشەنچسىز بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قىممىتى تۆۋەنلەيدۇ.

قىسقىسى، قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش، تەھرىرلەش خادىملاردىن جىددىي پوزىتسىيە، ناھايىتى كۆپ ئەجىر ۋە مول بىلىم تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ئىلمىي ئەمگەكتۇر. بۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان خادىملار ئۆگىنىشتىن توختاپ قالماسلىقى، بىپەرۋا بولماسلىقى، قېتىرقىنىپ ئىشلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھەم قەدىمكىلەرنىڭ روھىنى خۇش قىلىدىغان، ھەم بۈگۈنكى ئىلىم ساھەسىگە نەپ بېرەلەيدىغان ئىلمىي ئەمگەكلەر ئارقىلىق مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي دىنىي ئىشلار كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



# يۇرتىمىزنىڭ دورىگەرلىكى

مامۇت قۇربان

ئۇيغۇر تېبابىتى خېلى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئېلىمىز تېببىي ئىلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي تېببىي پائالىيەت پەقەت ھەر خىل دورا گىياھلار، تۇز، ئارشاڭ، قۇمغا كۆمۈلۈش، مايلاش، قاقلاش، كۆيدۈرۈش، قان چىقىش، ئىلمە سىيرىش، دورا گىياھلارنىڭ سۈيىدە يۇيۇنۇش، شور پاختا قىلىش، قۇستۇرۇش، كېپەككە كىرىش، تەرلىنىش، تېڭىش، كونا كېسەككە ئېلىش، قان تېمىتىش ۋە ھەر خىل مېۋە شەربەتلىرى، مىنېرال ماددىلار، ئۇچار قاناتلار، كەسلەنچۈك قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىش ئېلىپ بېرىلغان. بۇنداق ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىكى كېسەل داۋالاش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى، تەبىئەتنى تونۇش ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى ئاجىزلىقى، ئىپتىدائىي جامائە كىشىلىرىنىڭ ئانىمىزملىق دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار تەبىئەتتىكى بوران - گۈلدۈرماما، چاقماق، كۈن - ئاي تۇتۇلۇش، سۇ ئاپىتى، يۇقۇملۇق كېسەللەر ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلىك ھادىسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ۋە ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چوقۇنۇش، يېلىنىش، مەدھىيىلەش قاتارلىق ئىرىم پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ماددىي داۋالاشنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ماددىي داۋالاش ۋاستىلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. غەربتىكى ئارچىن رايونىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان «ئانتو پۆۋ كەنتىدىكى ۋە شىمالىي ئالتاي سوگەك كەنتىدىكى قەدىمكى ئارسلانلارنىڭ ئۆلگەن جەسەتلىرىنى قىزىل توپا ئىچىگە دەپنە قىلىش ئادىتى»① بۇنىڭ دەلىلى. ئۇلار ئەينى چاغدا قىزىل توپىنىڭ چىرىتمەسلىكىدىن پايدىلىنىپلا قالماي، يەنە قىزىل توپىنى كەلگۈسىدە تىرىلىدىغان جەسەتنىڭ قېنى بولىدۇ دەپ قارىغان. ھازىرمۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ تەكتىگە قىزىل قوم يېيىتىپ كۆمۈش شۇنىڭدىن قالغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەھەللىۋى ئىرىم قائىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى بىلەن قوي تېرىسىگە ئېلىش، قارا كىگىزگە يۆگەش، ئۆپكە قېقىش، سۆگەلنى ئاچچىق لاي بىلەن چۈشۈرۈش، ئىسرىق سېلىش، كەتمەن بېسىش، تۇغ باغلاش قاتارلىق روھىيەتتىن داۋالاش ئۇسۇللىرى بىرمەھەل ھۆكۈم سۈرگەن ھەمدە ماددىي داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

شامان ئىرىم قائىدىلىرى ھامىي ئىلاھلار، ئىزگۇ ئەرۋاھلارغا يېلىنىپ نەزىر - چىراغ قىلىش، قۇربانلىق قىلىش بىلەن بىللە جىن - ئالۋاستىلارغا خەنجەر سانجىش، باخشى دېپى، ئۆچلۈق ھاسا، چاچارتقۇ ئوت، چوماق، خوخا تىكەن قاتارلىق قوراللارنىمۇ ئىشلىتىپ، «شەرمەندە»، «چىق»، «ئوت قويىمەن»، «چۆللەرگە كۆچ»، «تىلى يامانىنىڭ تىلىغا، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە تەگ»، «ئەسكى تامىلىققا كۆچ» دېگەندەك ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلىغان. شامان ئەم - ئىرىمچىلىكىدىكى جىن - ئالۋاستىلارنى بىرەر نەرسىگە ئوقۇپ بەند قىلىش، كۆمۈش، ئاققۇزۇش، كۆيدۈرۈش، چۆلگە قوغلاش، نەرسە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، تىلتۇمار يېزىش تاكى ھازىرغىچە ساقلانغان.

ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تەبىئەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا گەرچە ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تەبىئەتنى ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئەينەن كۆزىتىشكە ئۇرۇنغان. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي ئىستېمالى ۋە ئۇلارنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى تەبىئەتنى بىرقانچە تۈپ خۇسۇسىيەتكە بۆلۈپ چۈشىنىشكە تۈرتكە بولغان. بۇ پەقەت قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭلا تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى قوشنا قەبىلىلەرنىڭمۇ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ ھال ئۆزئارا تەسىر قىلىپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى «تۆت زات» (تۆت ئاناسىر) تەلىماتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئوتقا سېغىنىش، ياغ پۈركۈش، قاپاق كۆيدۈرۈش، ئاي - كۈن تۇتۇلسا مەشئەل كۆيدۈرۈپ مۇناجات ئوقۇش، نىكاھدا ئوتتىن سەكرىتىش، ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، ئوتنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇش، ئۆلۈم بولغان جايدا چىراغ يېقىش قاتارلىقلار دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئوتقا بولغان ئالىي ھۆرمىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئوت بىلەن بىللە سۇمۇ مۇقەددەس ھېسابلانغان. سىر دەرياسى بىر زامانلاردا شىپالىق سۇ ھېسابلانغانىدى. سۇ بارلىق ئىللەتلەرنى ئاققۇزىدۇ. سۇدىن چىققان كىشى يېڭىلىنىدۇ. «سۇنىڭ پاكلىقىنى بۇزغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ، سۇغا سىيسە بەدىنىنى جاراھەت باسىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش قاراشلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

ھېكمەتلىك ھېسابلىنىدىغان تۇرلۇك تاشلار، تۈز ۋە پايانسىز تۇپراق بىلەن بىللە ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز ئاسمان، پەسىللەر پەردىلىرىنى ئاچىدىغان ھاۋارايىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شامال، ھاۋا ھاياتلىقنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى ھېسابلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى «تۆت زات» تەلىماتى باشقا خەلق، باشقا مەملىكەتلەر تارىخىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھىندىستاننىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 -، 3 - ئەسىرلەردە «چاۋاقا» تەلىماتىدا ئالەم ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن، دېگەن ئىپتىدائىي قاراش بولغان.

ئۇيغۇرلار ئەدەبىي مىراسلىرىنى ساقلاپ كەلگىنىدەك، تېبابەت ئىلمىنىمۇ ساقلاپ كەلدى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى. يېقىندىن بېرى ئېلان قىلىنغان تېبابەت تارىخى ماتېرىياللىرىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ساھەسىنىڭ تېبابەت ساھەسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋرىدىكى سېھىرگەرلىك، باخشىچىلىق، داخانلىق قىلىشتەك مەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالاش، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار يەنىلا ماددىي يوللار بىلەن كېسەل داۋالاشقا زور ئەھمىيەت بەرگەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەسلىدە «بۇتپەرەس بولغان تۈركىي خەلقلىرىمۇ ھىندىلار ۋە خەنزۇلارغا ئوخشاشلا تۇپراق، سۇ، ئوت، ياغاچ ۋە تۆمۈردىن ئىبارەت بەش خىل قۇۋۋەتكە ئېتىقاد قىلاتتى»[2]. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «تېۋىپلىق بىلەن سېھىرگەرلىكنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ، جىنلارنى قوغلاپ، كېسەلنى ساقايتاتتى»[3]. ئۇيغۇرلار بىر قىسىم كېسەللەرنى زەھەرلىك بولغان يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاشقا ماھىر ئىدى. مەسىلەن، گەجنى كۆيدۈرۈپ پىشقاندىن كېيىن ئۇنى قان قۇسۇش، يۈرەك كېسىلى، دېمى سىقىلىش، بەزگەك، كېزىك، ئۆسمە، جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىرىگە بېرىپ كەلگەن بولسا؛ ئېشەك سۈتىنى سىل، جىگەر كېسىلىگە، بوغا چۈۋىسىنى جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگە، قارا ئوغلاق جىگىرىنى كۆز ئاجىزلىقىنى داۋالاشقا، ئۆپكىسىنى قولتۇق پۇراشنى يوقىتىشقا سىرتتىن بېرىلىدىغان دورا شەكلىدە ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئايغىر چۈۋىسىنى جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگە، كىچىك بالا سۈيدۈكى، قىزىل ئۆچكە سۈتى، قوشقار سۈيدۈكى، تۇخۇملار قولاق ئاغرىقىغا دورا قىلىپ بېرىلىپ كەلگەن بولسا؛ ئىت ئۆتى ھامىلىنى چۈشۈرۈشكە، تۆگە سۈيدۈكى باشتىكى

كېپەكنى يوقىتىشقا ئىچىشكە بېرىلەتتى؛ قېتىق ئۇيقۇسىزلىق، ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرگە بېرىلسە، كىچىك بالا سۈيدۈكى سۆگەل چۇشۇرۇشكە سىرتتىن ئىشلىتىلەتتى؛ ئىت سۈتى ئۆلگەن ھامىلىنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلسە، كىرپە تېرىسى كۈلى ۋە مىس دېتىنى بۇرۇن قاناش، بۇرۇن ئۆخلىسىنى داۋالاشقا ئىشلىتەتتى. يەنە «قارا ئۆكۈز تېزىكى، چۆلدىن ئېلىنغان تۆگە مايىقى، قاينىتىلغان گەج، ئىپار قاتارلىقلار چىش ئاغرىقلىرىغا سىرتتىن بېرىلەتتى»④.

تېبابەت تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ھىندىستان تېبابىتىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل سىستېما بار بولۇپ، نۇرغۇنلىغان دورا ـ دەرمەكلەر تۈركىي خەلقلەرياشاۋاتقان جايلاردا ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپلەر، كۆكتاتلار، مېۋىلەر، مەدەنلەر ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ ئۇلارنى نۇرغۇن دورا ـ دەرمەك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ھاۋا كىلىماتى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاشقا ئىمكان بولمىغان بەزى دورا ـ دەرمەكلەرنى سودا يوللىرى بىلەن سىرتتىن ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇ خىل دورىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمى مەزمۇنىنىڭ بېيىشىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ھىندى ۋە جۇڭگو تېبابىتىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارنىڭ تېبابىتىگە بەرگەن تەسىرى كۈچلۈك بولغان. «مىلادىيە 730 ـ يىللىرى نەنتۇ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئالىم توخارىستاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەندە جۇڭگو ئالىملىرى بىلەن تېۋىپلىرى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن دورا ـ دەرمەك ۋە دورا تەييارلاش سايمانلىرىنى ئالغاچ بارغان. بۇ ئۇيغۇر تېۋىپى ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى يۈكسەك ماھارىتى بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن»⑤. خىمىيە تارىخى ماتېرىياللىرىدا ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا خەۋەر قىلىنىشىچە، «مىلادىيە 759 ـ يىلى توخارىستان ياپغۇسى تەرىپىدىن جۇڭگو خاقانىغا ئەۋەتىلگەن ھەدىيەلەر ئارىسىدا 200 خىل تېببىي دورا ۋە نۇرغۇنلىغان پۇراقلىق ماتېرىياللار بولغان»⑥.

دېمەك، ئۇيغۇر تېبابىتى تولۇقلىنىش جەريانىدا يۇنان مەدەنىيىتى، ئىران مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تېبابەت ئىلىملىرى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە برونزا دەۋرى، تۆمۈر قوراللار دەۋرى ۋە مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يىپەك يولىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئۇيغۇر دورىگەرلىكى غەربىي يۇرت دورىگەرلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەت ئىلمى ۋە كىلىمات تەلىماتلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى تەخمىنەن يېغىلىق دەۋرىدىن بۇرۇن بولغانلىقىدا گەپ يوق.

بىز تۆۋەندىكى ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق بۇنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز.

گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تۇرپاندىن قېزىۋالغان «ئۇيغۇر تېبابىتى تاللانمىلىرى» (回鹘医学文献)⑦ دورىگەرلىك ساھەسىدە بىباھا رېتسېپلار بولۇپ، دورىگەرلىككە ئائىت مۇنداق ئىلمىي ئەسەرلەر 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېبابىتى مۇجەسسەملەشكەن كىتابلار جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن كېسەللىك ۋە دورا ـ دەرمەك تۈرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا خاراكتېرى بىرقەدەر ئېغىر بولغان كېسەللەرنى زەھەرلىك مەدەن دورىلار بىلەن داۋالاش تېخنىكىسىغا ئىگە بولغان بولسا، ئادەتتىكى كېسەللەرنى ئاساسەن ئادەتتىكى تاماق تۈرلىرى ۋە ئۆسۈملۈك دورىلار بىلەن داۋالاپ كەلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا شۇ دەۋرلەردە ئىنسانلاردا كۆپرەك بولىدىغان كېسەللەردىن موخۇ كېسىلى، بەزگەك، ئاق كېسەل (بەرەس)، ئىچى

ئۈتۈش، زۇكام (تۇماغۇ)، چىش ۋە باش ئاغرىقى، كېزىك، سېرىقچېچەك، قىزىل، تاز، تەمرەتكە، تۇغۇتتا خۇنسىراش، يىڭناسقۇ، تۇغۇتتا ئانىلارنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈش، سەينۇگە، جىنسىي ئاجىزلىق، ئاشقازانغا سېرىق سۇ يىغىلىش، تۇغماسلىق، ئاياللارنىڭ بويىدىن ئاجراش ۋە ھەر خىل جاراھەتلەر بولۇپ 150 تىن ئارتۇق كېسەللىك تۈرى ۋە 180 خىلدىن ئارتۇق دورا ـ دەرمەك خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابقا يەنە تۈركىي مىللەتلەر ماكانلاشقان جايلارنىڭ ھاۋاسى، يەر سۈيى، بۇ جايدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ غىزالىنىش ئەھۋالى ۋە ھەر خىل مېۋىلەر، دانلىق زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋاناتلاردىن پايدىلىنىپ ياسىغان دورىلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، ھەر خىل شاراب ۋە سىركىلەرنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىمۇ بىرقەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن.

ئەجدادلىرىمىز مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردىلا بىرقەدەر ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار كېسەل بولۇپلا قالسا، ھايۋاناتلارنىڭ ھەرخىل ئەزالىرىنى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتەتتى. يەنە كۆزگە بۇغداي كېپىكىنى قورۇپ كېپەككە كىرىش، خۇسۇسىيىتى ئىسسىق بولغان پۇراقلىق دورا ـ دەرمەكلەردە يۇيۇنۇش، سۆگەت تىلى قېقىش، تەرلىنىش، تىل ئاستى ۋە چېكە ـ پېشانىسىدىن نەشتەر بىلەن قان ئېلىش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللىنىپ كېسەل داۋالاپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئات سۈتى، تۆگە سۈتى، كالا سۈتى، ئۆچكە سۈتى ئىچىش ئارقىلىقمۇ ئۈزلىرىنىڭ بەزى كېسەللىرىنى داۋالاپ كەلگەندى. يۇرتىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئانار شەربىتى، گۈلە شەربىتى، بوز، قارا ئۆرۈك قىيامى، ۋاسالغۇ، شاتۇت، بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، قىزىلگۈل قىيامى، ئانارگۈل قىيامى، پىننە قىياملىرى ۋە ھەسەللەردىن پايدىلىنىپمۇ ھەر خىل دورىلارنى ياسىغان ھەمدە تەركىبىنى كۆچلەندۈرۈپ، بىر قەدەر ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ كەلگەن. «ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ياساپ ئىشلەتكەن دورىلىرىنىڭ مېخانىكىلىق تۈزۈلۈشىدە ھازىرقى زامان دورا ياساش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىزناسى بار ئىدى»⑧.

ئادەتتە ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىپ كەلگەن دورا ـ دەرمەكلەرنى مۇنداق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئۆسۈملۈك دورىلىرى: قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۈشنە، لويلا، غۇنچە ئۈزۈم، راۋغاش (رەۋەن)، كاسنى (كۆكچېچەك)، مەستىكى (سىر دەرەخ يېلىمى)، پېدىگەن، قۇلماق، ئازغان، تېۋىلغا، كىيىكتاپىنى، رەيھان، سامساق، ئامىلە، يالپۇز، يانتاق شېكىرى، ئۈشلەڭ، جىغان، زەپىران (زەپەر، كۇركۇم)، يۇلغۇن، تال (سۆگەت)، ئاراغۇن (ئاسارون)، ئالوجىن (ياۋا پىياز)، ئىتئۈزۈمى، مىرىستىكا (ئاس)، چىندان (سەندەل)، شۇمشا (ھۆلبە)، دولانا، كىرەش، سەبرە (ئالوي)، ياۋا كەشمىر، بالدىرغان، گۈلسامساق، چۇچۇكبۇيا، قۇئا (قوۋا)، چاكاندا، ئاق چوغلۇق، سېرىقبۇيا، ئانارگۈل، ئەڭلىكئوت، تەرخەمەك، مارالقۇلاق، ياۋاپىستە، مېھرىگىياھ، مامۇرانچىن، ئېگىر، زەيچىۋە، مۇرمەككى، نوقۇت، مۇزا، پىلپىل، زەنجىۋىل، دارچىن، دېۋىرقاي، سۈتلۈكئوت، ئىڭلاچ (ياۋا سامساق)، ئۆلەن (ئوردان، رويان)، ئەندىز (قارا ئەندىز)، بەندال (ئاغىچە يۇغۇچ)، ھېلىلە، زاغۇن يېغى، قىچا يېغى، زەيتۇن يېغى، پۇرچاق، بېھى، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئەنجۈر، شاپتۇل، چىلان، جىگدە، جىنەستە، ئالۇچا، كۆكنار، چامغۇر، سەۋزە، قارا ئۆرۈك، ئانار قاتارلىق گىياھلار ۋە مېۋىلەردىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاپ كەلگەن.

(2) ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان دورىلار: قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قىزىل قولتۇق پاقا، كەسلەنچۈك (كېلە)، يىلان، چاشقان، شەپەرەڭ، چايان، كەپتەر، قۇشقاچ، توشقان گۆشى، كەكلىك گۆشى، كالا ئۆتى، پىلە مايىقى، پوستۇمبا، ئوغلاق تېرىسى، ئېيىق يېغى، تۆگە يېغى، قۇشقاچ پوقى، تۇخۇم سېرىقى، كىندىكئىپار، ئەنبەر، سۈت، قېتىق، قىمىز، ئۆپكە، جىگەر، بۇغا مۇڭگۈزى، بۇغا قېنى، يېلىن، ئەگىت (داغ چۈشۈرىدىغان دورا)، قوداي مېيى، بۆدۈنە تۇخۇمى، كەپتەر تۇخۇمى، ئۆردەك تۇخۇمى، بۇغا ۋە بۇغا چىۋىسى قاتارلىقلاردىن ياسىغان دورىلار بىلەنمۇ كېسەل داۋالاپ كەلگەن.

(3) مەدەن دورىلار: قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز زەمچە، ماگنىت تېشى، سىڭىر تاش (گەج)، سۈرمە،

تەلىق (تالىك)، نۇشۇدۇر (ئاممۇنىي خلورىد)، زاك (مانگان IV ئوكسىد)، سىماب، تۆمۈر دېتى، مىس دېتى، زەرنىخ (ئارسىن سولفىد)، سەنكىيا (مەرگىمۇش)، دانىكا (تانكا ـ بوراكس)، روشېرىت (كائۇلىن توپىسى ـ ماگنىي سىلىكات)، ھاك، قارا شەھەر توزى (تۆمۈر II سۇلفات)، پادىزەھەر (سەنكى جاھارەت تېشى)، ئوردۇتال (گۈڭگۈرت ھاك ئارىلاشمىسى)، قىراغۇ (زاك)، قوغۇشۇن ئۇپا، ئۈركەك (پىشۇرۇلغان ھاك)، ئەگىش (داشقال)، قاشتاش، كۈمۈش، ئالتۇن، توغرىقا (سۇدا)، تۇز، قۇم، شور، كونا كېسەك، كۆكتاش قاتارلىق مەدەن دورىلاردىن پايدىلىنىپ ھەرخىل جاراھەت ۋە كېسەللەرنى داۋالاپ كەلگەن.

(4) ئۇنىڭدىن باشقا ئۈزۈم سىركىسى، مۇسەللەس، غورا سىركىسى، قوقاق شۆتقى سىركىسى (قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن)، بوزا، قىمىز، ۋاسالغۇ شەربىتى، گۈلە شەربىتى، ئانار شەربىتى، قارا ئۆرۈك شەربىتى، شاپتۇل قېقى شەربىتى، قارا ئۆرۈك قىيامى، پىننە قىيامى، ئانار گۈلى قىيامى، قىزىلگۈل قىيامى، مەي ۋە ھەرخىل دەملىمىلەر، ھالۋا، كۆمۈلاچ، كۆجەئاش، مەلھەم دورا، شوۋىگۈرۈچ، ئۈگرە ئاش، خام قىيما ئاش، تاۋۇز سۈيى، ئايران ئاش قاتارلىق شەربەت، مېۋە ۋە تاماق تۈرلىرى بىلەنمۇ كېسەل داۋالاپ ساقايتىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا باي ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا دورا ياساش ئۇسۇللىرى بىرقەدەر ئاددىي ئىدى. ئۇلار دورا تالقاش، سوقۇش، مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىش، سۈزۈش (فىلتىرلەش) ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپلا قالماي، يەنە خۇسۇسىيىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان دورىلارنى قوشۇش ئارقىلىق دورىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، كېسەل داۋالاشتا بىر يۈرۈش پىشقان تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي مەنبەلەردە خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 2500 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردا ھازىرقى زامان دورا ياساش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىزناسى بار ئىكەن.

ئۇيغۇرلار مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىلىرىنى ياساشقا مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا «ئالتۇن ئىستېمال قىلغان كىشىنىڭ ئۆمرى ئالتۇندەك ئۇزۇن بولىدۇ»⑨ دەپ قارىغان. سۈن سىمياۋنىڭ «تاللانغان قىممەتلىك رېتسېپلار» (千金要方) ۋە ۋاڭ داۋنىڭ «تاشقى كېسەللىكلەرگە ئائىت مەخپىي رېتسېپلار» (外台秘要) دېگەن كىتابلىرىدا تاڭ دەۋرىدىكى تېبابەت ئىلىملىرى بىرقەدەر تەپسىلىي، تولۇق بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى كىتابقا «قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى» دېيىلىدىغان داڭلىق رېتسېپ كىرگۈزۈلگەن. «قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى» (西州续命汤) تاڭ دەۋرىدىكى تېبابەت رېتسېپلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتاتتى ۋە داڭلىق ئىدى.

«قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى» ئىدىقۇتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان بولۇپ، دورىگەر سۈن سىمياۋ ياسىغان ئىككى خىل «قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى»نىڭ ئاساسى⑩ ئىدى. «قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى»نىڭ تەركىبىدىن قارىغاندا، ئىدىقۇت تېۋىپلىرى بۇ دورىنى يۇرتىمىزدا چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلىپ ياسىغان بولۇپ، چاكاندا، گىپس، چۈچۈكبۇيا، قۇرۇق زەنجىۋىل، دارچىن پورى، داڭگۈي، ئۆرۈك مېغىزى، چوغلۇق، كاشىم قاتارلىق توققۇز خىل پۇراقلىق دورىلاردىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ تەركىبىدىكى چاكاندا زەھەر ياندۇرسا، گىپس ۋە چۈچۈكبۇيا قىزىتمىنى ياندۇراتتى. قۇرۇق زەنجىۋىل، دارچىن پورى ئەرەنلىكنى كۈچەيتسە، كاشىم، داڭگۈيلار قاننى جانلاندۇرۇش، ئۆرۈك مېغىزى ئۆپكىنى نەمدەش رولىنى ئوينايتتى، بۇلاردا ھازىرقى زامان دورا ياساش ئۇسۇلىنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. سۈن سىمياۋ ۋە ۋاڭ داۋلارنىڭ كىتابلىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇلار پەقەت چۈچۈكبۇيا ئورنىغا تېۋىلغا قوشۇپ «قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى»نىڭ قاننى جانلاندۇرۇش رولىنى كۈچەيتىپ، بىر خىلىنى ياسىغان بولسا، يەنە بىر خىلىنى «قۇجۇنىڭ بەھرىي ھايات شەربىتى»

دىكى داڭگۇي بىلەن قوۋۇق زەنجىۋىل ئورنىغا «خام زەنجىۋىل بىلەن ئادەمگىياھ قاتارلىق ئىككى خىل ئۈسۈملۈكنى قوشۇپ تەييارلىغان»[11] خىمىيە تارىخى ماتېرىياللىرىغا چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، پەيزى سۈرۈش مۇددىئاسى بىلەن «غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان»[12]لىقى خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا مېدىتسىنا ئىلمىدە زور ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇرتىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرلەردىلا بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن: ئىسسىقلىقى ئېشىپ ئەسۋە چىقىپ قالسا، سۆگەت تېلى قېقىپ بەدەن ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇلىنى قوللانسا سوغۇقى ئېشىپ ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلسا، ھايۋان تېرىسىگە ئورىلىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆپ دورىلار سۈيىدە يۇيۇنۇش، ئۇۋۇلاش، ئاپتاپقا قاقلىنىش، تىل ئاستىدىن ياكى پېشانىسىدىن قان ئېلىپ بىسىمىنى نورماللاشتۇرۇش، ئادەم مېيىتلىرىنى ئۈسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردىن ئالغان پۇراقلىق ماتېرىياللار بىلەن بىرلىكتە يەرگە قويۇش، جەسەتنى مۇمىيالاش ئۇسۇللىرىنىمۇ بىلەتتى. بىرەر چاقا ياكى جاراھەت چىقىپ قالسا، ئۇ خىل چاقىلارنى ھايۋان ياكى مەدەن دورىلار بىلەن داۋالاشقىمۇ ماھىر ئىدى. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە مىلادىيە 543 ـ يىللىرى (جاڭخېنىڭ 13 ـ يىللىرى)غا تەۋە «ئاياللارنىڭ تازىلىق لاتىسى»[13] توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. بۇ بىزگە بۇنىڭدىن 1400 ــ 2000 يىللار بۇرۇن ئانىلىرىمىزنىڭ تازىلىق لاتىسى ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا تازىلىققا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىلغار بولغان مەنىۋى ۋە ماددىي مەدەنىيەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ مىسالى.

غەربىي يۇرت سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەلگەندە، قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشلاردا، تۆگە ۋە ئاتلىق كارۋانلار بىلەن بىللە يۇرىدىغان تېۋىپلار دورا رېتسېپلىرىنى ئېلىپ يۈرگەن بولۇپ، قونالغۇ، يۇرتلاردا ئۆزئارا خەۋەردار بولۇش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى چوڭ ئىدى. چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ھەپىلەشىدىغان ئۇيغۇرلار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زەخىملىنىشتىن خالىي بولالمايتتى. ئۇلار ئۇچۇن ئات ـ تۆگىلەردىن يىقىلىپ چۈشۈش، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش، تىك چوققىلاردىن سىيرىلىپ چۈشۈش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. مانا مۇشۇنداق زەخىملىنىشلەرنى داۋالايدىغان، سۇنۇق تېڭىشقا ماھىر تېۋىپلار، دورىگەرلەر بار ئىدى. ئۇلار يىرىڭلىق ئىششىقلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش، جاراھەتنى ساقايتىش ئىشلىرىغا ئۇستا ئىدى. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جاۋسۇ رايونىدىكى ئۇيسۇنلار قەبرىسىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ سۇنغان ۋە ئۇلانغان جايلىرى بارلىقى، ئانىلارنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدە «داس سۆڭەكلىرىنىڭ ئاجراپ ئەسلىگە قايتقان ئىزلىرى»، ھەتتا بەزى قەبرىلەردىكى سۆڭەكلەر بىلەن بىللە ئۆرۈك مېغىزىنىڭ چوڭلۇقىدا «قوڭۇر رەڭلىك ئۆت تاشلىرى»[14]نىڭ تېپىۋېلىنىشى يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدىن بولغان «مۇ ھەزرەتنىڭ تەرجىمىھالى» (穆天子传) دېگەن كىتابتا قاشتېشىنىڭ سېھرىلىك كۈچى ۋە زۇمرەتگۈلى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتا يەنە جۇمۇ پادىشاھ «ئۇ مايلار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جۇ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىدا، غەربىي يۇرتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان شاراب، زاراڭزا چېچىكى، چىلان، سەدەپ قاتارلىقلارنى ئالغاچ بارغان»[15]لىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. چىن، خەن زامانلىرىدا يېزىلغان «پادىشاھ نامىغا يېزىلغان

ئىچكى كېسەللىك ساۋاتلىرى» （皇帝内经素问） دېگەن كىتابقا «غەربىي يۇرتتا ئالتۇن، قاشتېشى قەلئەلىرى بار»، «كېسەللەر ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ، ئۇلار زەھەرلىك دورىلارنى يەيدۇ، زەھەرلىك دورىلار غەربتىن كېلىدۇ»⑯ دەپ خاتىرىلەنگەن.

1972 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋۇۋېيدىن مىلادىيە 1 - ئەسىرلەرگە تەۋە «100 خىل دورا تېپىۋېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 63 خىلى ئۆسۈملۈك دورىلار، 12 خىلى ھايۋاناتتىن ئېلىنغان دورىلار، 16 خىلى مەدەن دورىلار، توققۇز خىلى باشقا دورىلار ئىدى»⑰. يەنە «دېھقانچىلىق پىرىگە ئاتالغان گىياھنامە خاتىرىسى» （神农本草记） دېگەن كىتابتا خەن ۋۇدى مەزگىللىرىدە چاڭئەندە غەربىي يۇرت دورا - دەرمەكلىرى سېتىلىدىغان « ساندال، بورا دورا - دەرمەكلىرى دۇكىنى» （旗席千具） بارلىقى، ماگىزىنىدا غەربىي يۇرت دورا - دەرمەكلىرىدىن «زاراڭزا چېچىكى، سامساق، ئۈزۈم، ئانار، زەرناپ (سېرىق - زەرنىخ، چىشى زەرنىخ)، نۇشۇدۇر، سەۋزە، سۇ سەتىرىسى، سەبرە، جىن شۇغىلا، مېغىز، رەۋەن، كامفارا، بۆكەن مۈڭگۈزى، بېدە، كۈنجۈت، ياڭاق، پۇرچاق»⑱ قاتارلىق دورا - دەرمەكلەر سېتىلىدىغانلىقى، ھەتتا لوپنۇر (كروران) ھارىقىمۇ بارلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. بەش سۇلالە مەزگىلىدە «تاۋۇز تېرىش، تاۋۇزدىن شىپالىق ئورۇندا پايدىلىنىش ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەن»⑲. ئىچكى ئۆلكىلەردىنمۇ نۇرغۇن دورا ماتېرىياللىرى، مەسىلەن، رەۋەندىچىنى، دارچىنى، چۆپچىنى، كابابەچىنى، مامىرەنچىنى، دېڭىزىيا(كالائوت تېشى) قاتارلىق دورا - دەرمەكلەر يىپەك يولى سودىسىنى بويلاپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈپ تۇراتتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرت ھۆكۈمالىرىنىڭ رېتسېپلىرى» （西域诸仙所说药方） ۋە «غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق تېۋىپلارنىڭ تۆت جىلدلىق مۇھىم رېتسېپلىرى» （西域名医所集要方，四卷） دېگەنگە ئوخشاش كىتابلار يېزىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دورا - دەرمەكلىرى ۋە كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى كەڭرى بايان قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «سىرتتىن بېرىلىدىغان مەخپىي رېتسېپلار» دېگەن كىتابتا «زەھەرلىك ئىششىقنى داۋالاش ئۇچۇن بەدىيان سۈيىنى سىقىپ ئىچىپ، قالدۇقىنى ئىششىققا چاپلاش لازىم»⑳لىقى تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ كىتاب تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان مەشھۇر كىتابلارنىڭ بىرى. بۇ كىتابقا تۇرپان خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇلار ئىشلىتىدىغان دورا - دەرمەكلەر خاتىرىلەنگەن.

تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا دورا - دەرمەك سودىسى زور دەرىجىدە راۋاجلانغانىدى. «چاڭئەن بىلەن لوياڭدا 2000 - 3000 ئۇيغۇر سودىگەر تىجارەت قىلاتتى، ئۇلار پۈتكۈل سودىنى مونوپول قىلغانىدى»㉑. «چاڭئەننىڭ غەربىي شەھەر بازىرىدا ئۈزۈم ھارىقى، ئامىلە، بەلىلە، ھېلىلە ۋە ھەرخىل قىيامىلار سېتىلاتتى»㉒. 659 - يىلى تاڭ ئوردىسى ئېلان قىلغان «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» （新修本草） دېگەن كىتابتا غەربىي رايوندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كېلىنىدىغان دورا - دەرمەكلەردىن: مەستىكى، مۇرمەككە، پالما يىلىمى، قەلەمپۇر، شاتارى چېچىكى، ئەتىرگۈل ئەترىسى، سۈخى شېرىن، مىشە سائىلە، مۇزا، سەبرە، قۇستىشېرىن، بىخمارجان، مەرۋايىت، داندان، ئازور بەدەخشانى، قۇندۇز قەھرى، توغرىقا، قاراقۇرۇم ھىڭى، ئاق قىچا (خەردەل)، نۇشۇدۇر، نوقۇت، تۈرك قۇشقىچى قاتارلىق دورا - دەرمەكلەر تونۇشتۇرۇلغان. مىلادىيە 610 - يىلىدىكى چاۋ يۈەنفاڭنىڭ «بىرنەچچە خىل كېسەللىك مەنبەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نەزەرىيىسى» （诸病源候论） دېگەن كىتابىدا غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەت ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەزەرىيىلىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن.

1970 - يىلى شىئەننىڭ جەنۇبىدىكى تاڭ فىن رايونىنىڭ ۋاڭخۇ دېگەن يېرىدىن مىلادىيە 755 - يىللىرىغا تەۋە بولغان داڭلىق دورىلاردىن «زەر كېپىكى (كېپەك ئالتۇن)، قەرىتىللا، بارىت (ئاق رەڭلىك)، كىنوۋار، يېشىل تاش، كۋارتس، كەھرىۋا، بىخمارجان»㉓ قاتارلىق بۇيۇملار تېپىۋېلىنغان.

سۇلاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا دورا ماتېرىياللىرى سودىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. «سۇلاڭ سۇلالىسى تارىخى، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «خوتەن تەزكىرىسى»، «سۇلاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم تارىخى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا توغرىقا، مەستىكى، قوستىشىرىن، قۇندۇز ئۇرۇقدانى، ئېپار، بۆكەن مۆڭگۈزى، نۇشۇدۇر، دانىكا (تانكار)، زاراڭزا چېچىكى، گۈلبىنەپشە، ئېگىر، توشقانزەدىكى، ھەلك، ئەنجبار (ئەرگىنەك)، سىماب، كىنوۋار ۋە خوتەن مەيزىپى قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەر توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، 1077 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خوتەن ئەلچىسى «ئوئاس بىلەن نەنساغۇن 31 مىڭ جىڭ مەستىكى شىرنىسىنى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بارغان»㉔لىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.

شىنجاڭدىن چىقىدىغان دورا ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن لاجۇەردى قەشقەرىي، سەپىداپى قەشقەرىي، ۋەجى خوتەنىي (خوتەن ئېگىرى)، خوتەن ئەمپارى قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەر تاڭ، سۇلاڭ دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شۆھرەت قازىنىپلا قالماي، بەلكى شەرقىي رىم ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدىمۇ شۆھرەت قازانغانىدى. تاڭ، سۇلاڭ دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئاق(بەرەس) كېسىلىنى داۋالاش، ئىلغا، ياما سىيرىش، سۇنۇق تېڭىش، ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ نوخلىسىنى ئېلىش، قوزا، ئوغلاق، موزاي، ئات، ئېشەكلەرنى ئاختا قىلىش، نەشتەر بىلەن تىل ئاستى ۋە چېكىدىن قان ئېلىش ئارقىلىق قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى مەھەللىۋى ئۇسۇللارغا ئايلانغانىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى داۋاملىق راۋاجلاندى ۋە جۇڭگو تېبابىتىگىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئېلىمىز دورىگەر لى شىجېن «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» (本草纲目) دېگەن كىتابىدا، غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان دورا ئەشيالىرىدىن «قۇرۇت، سۇزمە، سېرىقماي، قىمىز قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئۇلارنى ياساش ئۇسۇللىرى»㉕ بايان قىلىنغان. دېمەك، ئۇيغۇر تېبابىتى كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا مۇكەممەللىشىپ بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①⑯⑱⑳㉒㉔ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان. 62 ـ، 74 ـ، 75 ـ، 76 ـ بەتلەر.

②③④⑤⑥ ئا. سۇھەيل ئۇنۇەر: «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان 2 ـ، 22 ـ بەتلەر.

⑦⑧⑩⑪⑬⑭⑮ ۋاڭ شياۋشيەن: «يىپەك يولىدا دورىگەرلىك ئىلمى ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى (خەنزۇچە نەشرى)، 70 ـ، 71 ـ، 74 ـ، 150 ـ، 151 ـ، 162 ـ،163 ـ، بەتلەر.

⑨⑰ «خىمىيە تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى (خەنزۇچە نەشرى)، 45 ـ، 55 ـ بەت.

⑫ جاڭ جياجى قاتارلىقلار تۈزگەن «خىمىيە تارىخى ئوقۇتۇش قوللانمىسى»، شەنشى خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى (خەنزۇچە نەشرى)، 48 ـ بەت.

㉑ ياڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى (ئۇيغۇرچە نەشرى)، 221 ـ، 220 ـ بەتلەر.

㉓ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى»، 1972 ـ يىلى 1 ـ، 6 ـ سان (ئۇيغۇرچە)

㉕ «ئۇيغۇر تېبابىتى قىسقىچە تارىخىي ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تېبابەت ئىشخانىسى تۈزگەن، 1983 ـ يىلى (ئۇيغۇرچە نەشرى)، 56 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ساخاۋەت ئەجرى

(چۆچەك)

تويلاپ رەتلىگۈچى: **راجەپ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم**

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئۇ يۇرتنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، خەلقى ئىشچان بولغاچقا، يۇرت باياشات، پۇقرالار پاراغەتتە ياشايدىكەن. لېكىن، بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى جاھىل، شەپقەتسىز، گۇمانخور ئىكەن. پادىشاھ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ باي ـ باياشات، پاراغەتتە ياشايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدىكەن. شۇڭا ئۆز يۇرتىدا تىلەمچى، سائىللارنى كۆرۈشكە ئۆچ ئىكەن. ھەتتا ياقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان تىلەمچى، سائىللارغىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن، نۇرسىز كۆزلىرى ئۆچۈش ئالدىدىكى شامدەك پىلدىرلاپ قالغان، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، قولىدىكى ھاسىسىغا تايىنىپ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقان بىر تىلەمچى پادىشاھنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ سەدىقە تىلەپتۇ. پادىشاھ ئۇ تىلەمچىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ، تىلەمچىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ خاس مۇلازىمىنى بۇيرۇپ تىلەمچىگە ئالتۇن تاۋاقتا پولۇ ئەكەلدۈرۈپ بېرىپتۇ. تىلەمچى ئالتۇن تاۋاقتىكى پولۇنى پاكىز يەپ بولۇپ، دۇئامۇ قىلماي، ئالتۇن تاۋاقنى قويىنىغا تىقىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپلا قاپتۇ. ئەتىسى ئۇ تىلەمچى يەتتە تىلەمچىنى باشلاپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغىمۇ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئالدىغا ئالتۇن تاۋاقتا پولۇ كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار پولۇنى يەپ بولۇپ، تاۋاقلارنى يەنە قويىنىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ يەنە گەپ قىلماپتۇ. ئەتىسى تىلەمچىلەر قىرىق بولۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغىمۇ يەنە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئالتۇن تاۋاقتا پولۇ كەلتۈرۈپتۇ. دىۋانىلەر پولۇنى يەپ بولۇپ، يەنە ئالتۇن تاۋاقلارنى قويىنىغا سېلىپ ماڭغانىكەن، پادىشاھ:

ــ ئەي سائىللار، سىلەر «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازاننى ئالساڭ، تۇۋاقنى قوي» دېگەننى بىلمەمسىلەر؟ مېنىڭ سىلەرگە قىلغان ھىممىتىمگە شۇنداق جاۋاب قايتۇرامسىلەر؟ تاماق يېگەن قاچىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ ــ دەپتۇ.

دەسلەپتە كەلگەن دىۋانە پادىشاھقا ھۆرپىيىپ:

ــ بىز ساڭا نېمە يامانلىق قىلدۇق؟ نېمىشقا بىزگە بۇنداق ۋارقىرايسەن؟ ــ دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ :

ــ پولۇنى يېگەندىكىن، تاۋاقنى قويۇپ قويمامسىلەر؟ ــ دەپتۇ.

ــ بىز ئۆز نېسىۋىمىزنى ئالدۇق، بىزنىڭ نېسىۋىمىزدە سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار؟ ــ دەپتۇ

ئۇ دىۋانە. پادىشاھ:

— سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلار تاۋاق ئەمەس، پولۇ ئىدىغۇ؟ سىلەردىن كېيىن كەلگەنلەرگە مەن نېمىدە ئاش بېرىمەن؟ — دەپتۇ.

— ئۇلارمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى يەيدۇ.

— مېنىڭ سىلەرگە قىلغان ھىممىتىمگە شۇنداق جاۋاب قايتۇرامسىلەر؟

ئۇ دىۋانە شۇ ھامان بىر دىۋىگە ئايلىنىپ:

— سەن يەنە بىزنىڭ نېسىۋىمىزنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ھېلىمۇ سەن بىزنىڭ نېسىۋىمىزنى يەپ ياشاۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى، — دەپ ھۆركىرىگەنىكەن، دىۋىنىڭ كۆزىدىن تۈتۈن چىقىپ، ئېغىزىدىن ئوت چاچراپ چىقىپ، پادىشاھقا تۇتىشىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن قورقۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال مۇنەججىملەرنى يىغىپ، كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. مۇنەججىملەر پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ مۇنەججىملەرگە خاپا بولۇپ:

— بۇ چۈشكە يەتتە كۈنگىچە تەبىر بېرىڭلار، بولمىسا جازا ھۆكۈم قىلىمەن، — دەپتۇ.

مۇنەججىملەر ھەرقانچە قىلىپمۇ پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلمەپتۇ. يەتتە كۈن مۆھلەت توشۇپتۇ. پادىشاھ ھەممە ئوردا ئەركانلىرى، مۇنەججىملەرنى يىغىپ، كۆرگەن چۈشىگە تەبىر ئالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئوردا ئالدىغا بىر سائىل كېلىپ:

— ھەق دوست... ئەللەللا، سەدىقى بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى، سائىلنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە بالا - قازانىڭ قەدىمى يەتمىگەي، — دەپ تۇۋلاپتۇ.

پادىشاھ سائىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ :

— دەرھال ئۇنىڭغا بېرىدىغاننى بېرىپ، ئاۋازىنى ئۆچۈرۈڭلار، سائىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام، چۈشۈمدىكى دىۋە كۆز ئالدىمغا كېلىپ، مېنى قارا باسىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سائىلغا سەدىقە بېرىشكە ئالدىراپ يۈگۈرۈشۈپ، ئوردا ئىچىدىكى ئىسرىقداننى ئۆرۈۋېتىپتۇ. ئىسرىقداندىكى چوغ تۆكۈلۈپ، ئوردا ئىچىگە ئوت تۇتىشىپتۇ. ئوردا ئىچىدىكىلەر ئوتنى مىڭ تەستە ئۆچۈرۈۋاپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپ، مۇنەججىملەرگە :

— سىلەر چۈشۈمگە تەبىر بېرەلمىدىڭلار، مانا بۇ مېنىڭ چۈشۈمنىڭ تەبىرى، سائىلغا، غېرىب - مىسكىنلەرگە ياردەم بەرسەم، ماڭا شۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ. شۇڭا، مەن ئۆز ھۆكمىم بويىچە ئىش كۆرىمەن، بۈگۈندىن باشلاپ يۇرتىمىزغا ياقا يۇرتتىن كەلگەن ھەرقانداق تىلەمچى، دىۋانە، سائىل ئاياغ باسمىسۇن. كىمكى شۇنداق ئادەملەرگە ئىلتىپات كۆرسەتسە، شۇ ئادەمنىڭ ئىككى قولى بېغىشىدىن چېپىپ تاشلانسۇن، — دەپ ئەمر قىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ئەمرىگە ھەممە ئوردا ئەركانلىرى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى سۈكۈت قىلماپتۇ. چۈنكى، پادىشاھ ئىلگىرى ھەرقانداق ئەمر چىقارسا، ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېڭەش قىلىپ چىقىرىدىكەن. پادىشاھنىڭ بۇ ئەمرى ئوڭ قول ۋەزىرگە ياقماپتۇ. شۇڭا، ئوڭ قول ۋەزىر ئادىتى بويىچە پادىشاھقا تەزىم بىلەن سالام قىلىپ :

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھئالەم، غېرىب - مۇساپىر، سائىللارغا ھىممەت كۆرسىتىش ساخاۋەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارغا رەھىم - شەپقەت ئەيلىمىسەك، ساخاۋەتلىك ئىشلاردىن ئايرىلىپ قالىمىز. ساخاۋەتلىك ئىشلاردىن ئايرىلىپ قالساق، ئىشلىرىمىز روناق تاپمايدۇ. ئىشلىرىمىز روناق تاپمىسا، سەلتەنەتلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ پەرمانلىرىدىن يانسىلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بۇ پىكرىنى

ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ پەرماننى ئالدىراپ چىقىرىپ قويغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن جاھىللىقى تۇتۇپ، ئۆز پەرمانىدىن يانماي:

— پادىشاھنىڭ پەرمانى ئاتقان ئوق. ئاتقان ئوقنى قايتۇرغىلى بولمايدۇ. پەرمان جاكارلانسۇن، — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ پەرمانى جاكارلىنىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەممە شەھەرلەرگە، يۇرت - مەھەللىلەرگە ياقا يۇرتتىن كەلگەن غېرىب - مۇساپىر، ئاجىز سائىللارنى كۆزىتىشكە ئادەم قويۇلۇپتۇ. پۇقرالارمۇ پادىشاھنىڭ پەرماننى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ غەزىپىگە قېلىشتىن قورقۇپ، ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق غېرىب - مۇساپىر، ئاجىز سائىللارغا بىر بۇردا نان، بىر يۇتۇم سۇ بېرىشكە پېتىنالماس بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. نۇرغۇن غېرىب - مۇساپىر، ئاجىز سائىللار ئاچ - زارلىقتىن جەسەتلىرى كوچىلاردا قاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرتتا قۇرغاقچىلىق كۆپىيىپ، قەھەتچىلىك باشلىنىپتۇ. يۇرت ئۆلىمالىرى بۇ ئىشلارنى پادىشاھنىڭ ئاشۇ پەرمانى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، پادىشاھنى ئۇ پەرماننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا دالالەت قىلىسىمۇ. پادىشاھ ئۆز پەرمانىدىن ۋاز كېچىشكە ئۇنىماپتۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ يۇرتقا باشقا يۇرتتىن كاتتا بىر ساخاۋەتچى سودىگەر سودا قىلىشقا كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ بۇ يۇرتقا يېتىپ كېلىشكە يەتتە كۈن قالغاندا يولدا قاراقچىلارغا ئۇچراپتۇ. قاراقچىلار سودىگەرنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىنى، ئوزۇق - تۈلۈك، يېمەك - ئىچمىكىنى تارتىۋاپتۇ. سودىگەر مىڭ تەسلىكتە قاراقچىلارنىڭ قولىدىن جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. سودىگەر جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكۈر قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپتۇ. لېكىن، يۇرتى يىراق بولغاچقا قايتىپ كېتىشكە ئامال قىلالماي، ئىلاجسىز بۇ يۇرتقا مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ سودىگەر يەتتە كۈن يول يۈرۈپ يۇرت تەۋەسىگە كىرىپتۇ. لېكىن، يەتتە كۈنگىچە ئېغىزىغا بىر بۇردا نان سالماپتۇ، بىر تامچە سۇ ئالماپتۇ. ئۇ سودىگەرنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا يېتىپ، يەنە مېڭىشقا ماجالى قالمىغاندا، بۇ يۇرتنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بىر ئاق كۆڭۈل تۇل ئايال بولۇپ، دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان ئوغلى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى سۇلتان بولۇپ، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىكەن. سۇلتان ئىشىكى ئالدىدا توخۇ - ئۆردەكلىرىگە دان بېرىۋاتقاندا ھېلىقى سودىگەر كېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. سودىگەر مىڭ تەستە :

— مەن ئاغزىمغا بىر بۇردا نان سالمىغىلى، بىر تامچە سۇ ئالمىغىلى يەتتە كۈن بولدى. ماڭا بىر بۇردا نان، ئازراق سۇ بەرسەڭلار، بولمىسا ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

سۇلتان سودىگەرنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا سۇ، نان بەرمەكچى بوپتۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسىمۇ سودىگەرنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا سۇ، نان بېرىشنى نىيەت قىلىسىمۇ، پادىشاھنىڭ پەرماننى ئەسكە ئېلىپ جۈرئەت قىلالماي، سۇلتانغا :

— ئوغلۇم، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، غېرىب - مۇساپىر، ئاجىزلارغا سەدىقە بەرسەك، پادىشاھنىڭ غەزىپىگە قالىمىز، پادىشاھ ئىككى قولىمىزنى بېغىشىدىن چېپىۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئەمرى يادىغا كېلىپ سەل ئىككىلىنىپ قاپتۇ. سودىگەر:

— مەن غېرىب - مۇساپىر ئەمەس، يولدا قاراقچىلار مال - دۇنيايىمنى بۇلاپ كەتكەن بىر ساخاۋەتلىك سودىگەر ئىدىم، — دەپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

سۇلتان سودىگەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئانا، بۇ ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىساق ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئالدىمىزدا ئۆلۈپ كەتكۈدەك، مەن پادىشاھنىڭ جازاسىنى تارتىشقا رازى، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمگە رازىلىق بېرىڭ، — دەپتۇ.

ئانىسى ئامالسىز ئوغلىنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپتۇ. سۇلتان ئۆيدىن بىر ئاپقۇر سۇ ئېلىپ چىقىپ سودىگەرگە ئىچكۈزۈپتۇ. نان بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. سودىگەر ئەسلىگە كېلىپ، رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. سودىگەر ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ سودىگەرگە سۇ، نان بەرگەنلىكى پادىشاھنىڭ پايلاقچىلىرى ئارقىلىق پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ غەزەپ بىلەن سۇلتاننى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ :

— سەن مېنىڭ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان پادىشاھقا سودىگەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ سۇلتاننىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي :

— جاللات، مېنىڭ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلغان بۇ بەدبەختنىڭ ئىككى قولىنى بېغىشىدىن چاپ، مېنىڭ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلسا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى باشقىلار بىلىپ قالسۇن، — دەپ ئەمر قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى ئېغىزىدىن چىقىشى ھامان جاللاتلار سۇلتاننىڭ ئىككى قولىنى كۆتەككە قويۇپ بېغىشىدىن چېپىپ تاشلاپتۇ. جاللات ئۇنىڭ قولىنى چاپقاندا، سۇلتان ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەپتۇ. سۇلتان ھېچقانداق نالە - زار قىلماي، قولىدىن قان ئاققۇزغانچە ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە ئىبرەت بولۇپ، ھېچكىم پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

پادىشاھ ئانا - بالا ئىككىسىنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قان ئېقىۋاتقان قولىنى بېشىدىكى لېچەكى بىلەن تېڭىپ، يىغلاپ تۇرۇپ يۇرتتىن ئايرىلىپتۇ. ئانا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىنى يۆلەپ يەتتە كۈن يول يۈرۈپتۇ. بۇ يەتتە كۈندە ئۇلار ئېغىزىغا بىر بۇردا نان سالماپتۇ، سۇمۇ ئىچمەپتۇ. لېكىن، ئۇلار تارتقان جاپاسى ھەققىدە زارلانماپتۇ. ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، چەكسىز كەتكەن بىر چۆلگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ چۆل - جەزىرىدە نەگە بېرىشنى بىلمەي تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئانا كېيىك ئۇچراپتۇ. ئانا كېيىك كېلىپ، سۇلتاننىڭ قان تامچىلاپ تۇرغان قولىنى پۇراپ قويۇپ، قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئانا - بالا ئىككىسى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسا، كېيىك بىر تۇتام ئوت - چۆپنى چىشلەپ قايتىپ كەپتۇ. ئوت - چۆپ گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغانىكەن. ئانا كېيىك ئوتنى سۇنۇپ بېرىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسى ئوتنى قولىغا ئېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپتۇ. شۇچاغدا ئانا كېيىك ئادەمدەك زۇۋانغا كىرىپ :

— ئەي ئانا، دەرھال بۇ ئوتنى سىقىپ، سۈيىنى ئوغلىڭىزنىڭ قولىغا سۈرتۈڭ، — دەپتۇ.

سۇلتاننىڭ ئانىسى كېيىكنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. شۇ زامان سۇلتاننىڭ قولىدىن ئېقىۋاتقان قان توختاپتۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسى بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئانا كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئەي خۇدانىڭ رەھىمدىل جانىۋىرى، ئوغلۇمغا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ئاللادىن شەپقەت ياغسۇن، — دەپتۇ.

ئانا كېيىك بېشىنى سۇلتاننىڭ ئانىسىنىڭ باغرىغا قويۇپتۇ. شۇ چاغدا سۇلتان ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئانىسى بۇنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ، سۇلتاننى باغرىغا بېسىپ :

— ياراتقۇچى ئىگەم، بۇ چۆل - جەزىرىدە يەككە - يېگانە قالدۇق، قانداق قىلىمەن ؟ ماڭا ئۆزۈڭ يار - يۆلەك بولۇپ، ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇپ

قالغىن، ماڭا باشپاناھ بولغىن، ــ دەپ ئاللاغا ئىلتىجا قىپتۇ.

ئانا كېيىك سۇلتاننى پۇراپ، يەنە:

ــ ئانا، قايغۇرماڭ، ئوغلىڭىز دەرماندىن كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دەرمان ئاتا قىلاي، ــ دەپتۇ. شۇ ھامان ئانا كېيىكنىڭ كۆكسىدىن سۈت ئېتىلىپ چىقىپ، سۇلتاننىڭ ئاغزىغا قۇيۇلۇپتۇ. سۇلتان ئانا كېيىكنىڭ سۈتىنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىپتۇ. ئانا كېيىك سۇلتاننى شۇنداق يەتتە كۈن ئېمىتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر ئېيتىپتۇ. سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئانا كېيىك ئۇلارغا يول باشلاپ يىراق بىر تاغ باغرىغا كەپتۇ. ئۇلار ئاشۇ تاغدىكى بىر ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇلار ماكانلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئانا كېيىك كېتىپتۇ. لېكىن، سۇلتاننىڭ قولى بولمىغاچقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسى بۇ ئۆڭكۈردە قانداق تۇرمۇش كەچۈرەرمىز دەپ ئويلاپ سىرتقا چىققانىكەن، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن مېۋىلەر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. ئانا ئۇ مېۋىلەرنى ئېلىپ كىرىپ سۇلتانغا يېگۈزۈپتۇ. ئەتىسى سۇلتاننىڭ ئانىسى ئۆڭكۈردىن چىقىپ قارىسا، ئۆڭكۈر ئالدىدا ئۇن، تۇز ۋە كۆكتاتلار تۇرغانىكەن، ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىپ سۇلتانغا تاماق قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ سۇلتاننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىنى يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئاشۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ شەمشىنۇر ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە شەمشىنۇر 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ، گۈزەللىك ۋە ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق ساھىبجامال ئىكەن. 41 كېنىزەك مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. مەلىكە ئوۋغا ھېرىسمەن بولۇپ، دائىم كېنىزەكلىرىنى ھەمراھ قىلىپ ئوۋغا چىقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە يەنە كېنىزەكلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇنچە مەنزىللەرنى باسقان بولسىمۇ، بىرەر ئوۋلىغۇدەك جانىۋار ئۇچرىماپتۇ. مەلىكىنىڭ ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەتكۈسى كەلمەپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، كاتتا بىر يايلاققا چىقىپ قاپتۇ. يايلاقنىڭ تۆت تەرىپى چەكسىز كەتكەن ئوتلاق ئىكەن. رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈل -چېچەك ۋە ئوت - چۆپلەر مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغانىكەن. شەمشىنۇر كېنىزەكلىرى بىلەن يايلاقنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ ئويناۋاتقاندا، تۇساتتىن ئالدى تەرەپتىن بىر نۇر پەيدا بوپتۇ. ئۇلار نۇرنى كۆرۈپ، ئويۇن - تاماشىسىنى توختىتىپ، نۇرغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغانىكەن، نۇر ئىچىدىن ئالتۇندەك جۇلالىنىپ چاقناپ تۇرغان، ئىككى مۈڭگۈزىگە 72 خىل ئاۋاز چىقىدىغان قوڭغۇراق ئېسىلغان كېيىك چىقىپ كەپتۇ. قىزلار ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق كېيىكنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ھەيران بولۇشۇپتۇ. كېيىك ئوتلا - ئوتلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا قىرىق قەدەم قالغاندا توختاپ، قىزلارغا قاراپ تۇرۇپتۇ. قىزلار ئوقيانى كېيىككە توغرىلاپ ئوق ئۈزۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇچاغدا مەلىكە قىزلارغا :

ــ بۇ كېيىككە ئوق ئاتماڭلار، تىرىك تۇتايلى، قورشاڭلار، ــ دەپتۇ.

قىزلار چاققانلىق بىلەن كېيىكنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ بوپتۇ. كېيىك ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرىگە :

ــ كېيىكنى كىم تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭغا ئالىي ئىنئام بېرىمەن، قاچۇرۇپ قويسا شۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، ــ دەپتۇ.

كېنىزەكلەر قەدەممۇ قەدەم كېيىككە يېقىنلىشىپتۇ. كېيىككە يەتتە قەدەم قالغاندا كېيىك بىر سەكرەپ، مەلىكىنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. كېنىزەك قىزلار

كېيىكنى ئات سېلىپ قوغلىماقچى بولغانىكەن، مەلىكە ئۇلارنى توسۇپ:

— كېيىكنى مەن قاچۇرۇپ قويدۇم، ئۆزۈم تۇتۇشۇم كېرەك. سىلەر مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دەپ كېيىكنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ كەينىدىن:

— مەلىكەم توختاڭ، بىللە قوغلايلى، — دەپ مەلىكە بىلەن بىرلىكتە كېيىكنى قوغلىماقچى بولغانىكەن، شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قارا بوران پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇپتۇ. كېنىزەكلەر ئىلاجسىز ئۆز جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇ.

مەلىكە كېيىكنىڭ كەينىدىن يەتتە كۈن قوغلاپتۇ. شۇچاغدا كېيىك بىر دۆڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئاتتىن چۈشۈپ ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. ئۆڭكۈردە كېيىكنى ئەمەس، ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ تۇرغان بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— سىز ئادەمزاتمۇ ياكى جىن ـ شاياتۇنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئادەمزات. سىز كىم بولىسىز ؟

— مەن مۇشۇ يۇرت پادشاھىنىڭ مەلىكىسى بولىمەن.

— بۇ يەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ قالدىڭىز؟

مەلىكە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ :

— مەن شۇ كېيىكنى قوغلاپ كەلگەنىدىم، ئۇ كېيىك مۇشۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، سىز ئۇ كېيىكنى كۆردىڭىزمۇ ؟

ئۇ يىگىت سودىگەرگە سۇ، نان بەرگەنلىكى ئۈچۈن پادشاھ ئىككى قولىنى بېغىشىدىن چېپىپ تاشلاپ، يۇرتتىن قوغلاپ چىقارغان سۇلتان ئىكەن. سۇلتان كەينىگە بۇرۇلۇپ مەلىكىگە قاراپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆز ئالدىدا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت، مېھىر ـ شەپقەت ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىت پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقان ھامان مەلىكىنىڭ قەلبىگە ئىللىق بىر سېزىم تاراپتۇ. مەلىكىدە شۇ كۈنگىچە ئۇنداق سېزىم بولۇپ باقمىغانىكەن. مەلىكە قەلبىدە پەيدا بولغان شۇ ئىللىق سېزىمنىڭ تۈرتكىسىدە سۇلتاننىڭ كۆزىگە يەنە بىر نۆۋەت قاراپتۇ. شۇ ھامان مەلىكىنىڭ قەلبىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، سۇلتانغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. مەلىكە سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بوپتۇ. سۇلتان بېغىشىدىن چېپىلىپ كەتكەن قولىنى چىقىرىپتىكەن، مەلىكە بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ:

— سىزنىڭ قوللىرىڭىزغا نېمە بولدى ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئالدىدىكى قىزنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، پادشاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان رەھىمسىزلىكىنى تىلغا ئالماي:

— بۇ قوللىرىم مەن تۇغۇلۇشتىلا مۇشۇنداق ئىكەن، — دەپتۇ.

مەلىكە سۇلتاننىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپتۇ. مەلىكە شەمشىنۇرنىڭ پۈتۈن جىسمى لەرزىگە كەپتۇ. مەلىكە سۇلتاننىڭ قوللىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ تۇرۇپ :

— سىز بۇ يەردە كىم بىلەن بىللە ياشايسىز؟ سىزنىڭ ھالىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان چولاق قوللىرى بىلەن مەلىكىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ :

— مەن بۇ ئۆڭكۈردە ئانام بىلەن بىللە ياشايمەن. مېنىڭ ھالىمدىن ئانام خەۋەر ئالىدۇ، — دەپتۇ.

— ئانىڭىز قېنى ؟

— يۇرتقا ئاش، تۇز ئالغىلى كەتتى.

— قاچان قايتىپ كېلىدۇ ؟

— بىلمەيمەن.

— ئانىڭىز كەلگۈچە سىزنىڭ ھالىڭىزدىن مەن خەۋەر ئالاي.

مەلىكە سۇلتان ئۈچۈن تاماق تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. مەلىكە تاماقنى پىشۇرۇپ سۇلتانغا يېگۈزۈپتۇ. كەچتە مەلىكە سۇلتانغا ھەمراھ بولۇپ ئۆڭكۈردە قونۇپ قاپتۇ. ئۇلار ۋىسال جامىدا شەربەت ئىچىشىپتۇ. مەلىكىنىڭ جىسمىدە سۇلتاننىڭ ئوغلى ئاپىرىدە بوپتۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن سۇلتاننىڭ ئانىسى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ سۇلتاندىن ئەھۋالنى بىلىپ، مەلىكىگە ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ.

مەلىكە قايتماقچى بولۇپ، سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزى كەلگەن ئىزنى بويلاپ يايلاققا قاراپ مېڭىپتۇ. مەلىكە تاغدىن ئايرىلىپ بىر ئاز مېڭىشىغا تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. مەلىكە يولنى كۆرەلمەي قاپتۇ. مەلىكە نەگە مېڭىشنى بىلمەي تۇرسا، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئارغىمىقى چاقماقتىن ئۈركۈپ، مەلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماستىن بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ چېپىپتۇ. مەلىكە ئىلاجسىز ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بېرىپ، ئارغىماقنىڭ يالىنى چىڭ تۇتۇپ، ئارغىماقنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ. ئارغىماق يادىن ئېتىلغان ئوقتەك چېپىپ كېتىۋاتقاندا ھاۋا يەنە گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ، يەر ـ زېمىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئارغىماق يۈگۈرۈشتىن توختاپتۇ. شۇ ھامان ھاۋا ئېچىلىپتۇ. مەلىكە ئەتراپقا قاراپ ئۆزىنىڭ چەكسىز كەتكەن بىر چۆل ـ جەزىرىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. چۆلدە مەلىكىنىڭ كۆزىگە قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. مەلىكە قېچىش ئۈچۈن ئارغىماقنىڭ بېشىنى بۇرىغانىكەن، ئالدىدا يەنە ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار پەيدا بوپتۇ. مەلىكە ئارغىماقنىڭ بېشىنى يەنە بىر تەرەپكە بۇرىغانىكەن، ئۇ تەرەپتىمۇ يەنە قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار پەيدا بوپتۇ. مەلىكە ئارغىماقنىڭ بېشىنى قايسى تەرەپكە بۇرىسا، شۇ تەرەپتە قورقۇنۇچلۇق مەخلۇق پەيدا بوپتۇ. مەلىكە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ھاۋادا ئىنتايىن يوغان بىر قارا قۇش پەيدا بوپتۇ. قارا قۇش مەلىكىنىڭ بېشىدا نەچچە ئايلىنىپ، شۇڭغۇپ كېلىپ، مەلىكىگە چاڭگال سالماقچى بوپتۇ. مەلىكە قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ قارا قۇشقا بىر ئۇرغانىكەن، شەمشەر قارا قۇشنىڭ قانىتىغا تېگىپ، چاقماق چېقىپتۇ. قارا قۇش مەلىكىگە يېقىن كېلەلمەي ئۈچۈپ كېتىپتۇ. مەلىكە ماڭماقچى بولغان بولسىمۇ، ئالدىنى قورقۇنۇچلۇق مەخلۇقلار توسۇۋېلىپ، ماڭغىلى قويماپتۇ. شۇچاغدا قارا قۇش يەنە پەيدا بولۇپ مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. مەلىكە شەمشىرىنى تەييار قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، قارا قۇش بىر سايرىغانىكەن، ئاغزىدىن ئوت چاچراپ چىقىپتۇ. مەلىكە ئوت يالقۇنى ئىچىدە قېلىپ كۆزىنى ئاچالماي، قارا قۇشقا شەمشەر ئۇرالماپتۇ. قارا قۇش مەلىكىنى چاڭگاللاپ ئېلىپ كۆككە ئۆرلەپتۇ. مەلىكىنىڭ زارى ئالەمنى بىر ئاپتۇ. مەلىكىنىڭ ئارغىمىقى ئاسمانغا قاراپ كىشنىگەنچە شۇ يەردە قاپتۇ. ئارغىماقنىڭ كىشنىشى ئالەمنى زىلزىلىگە ساپتۇ. بۇ زىلزىلىنى تاغ ئۆڭكۈرىدىكى سۇلتانمۇ ئاڭلاپتۇ. سۇلتان بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بىر نۇر پەيدا بوپتۇ. نۇر ئىچىدىن ئۇلارنى بۇ ئۆڭكۈرگە باشلاپ كەلگەن ئانا كېيىك چىقىپ:

— ئەي سۇلتان، تېز ماڭ، ئاشىقىڭ شەمشىنۇرنى دىۋە تۇتۇپ كەتتى. ئۇنى دىۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىساڭ، مەڭگۈ مۇشۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە ياشايسەن، ئۇ ئالەمگە بارغاندا مەلىكە بىلەن ئوغلۇڭنىڭ قولى ياقاڭدىن ئاجرىمايدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ ئانا كېيىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئانا كېيىك سۇلتانغا :

— قارا دىۋە مەلىكىگە ئاشىق ئىدى. شۇڭا،

مەلىكىنى ئېلىپ قېچىشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەن. بۈگۈن مەلىكە سېنىڭ يېنىڭدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، قارا دىۋە مەلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، قارا قۇشقا ئايلىنىپ تۇتۇپ كەتتى. ئۇنى سەندىن باشقا بىرى قۇتقۇلدۇرالمايدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان كېيىكنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— مېنىڭ ئىككى قولۇم بولمىسا، يا مەلىكىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىسەم، مەلىكىنى قانداق قۇتقۇلدۇرىمەن؟ — دەپتۇ. ئانا كېيىك:

— ئۈمىدسىزلىك ئادەمنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى، سەن ئۆزۈڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك، تېز بولغىن، مېنى مىنسەڭ مەن سېنى مەلىكىنىڭ دۇلدۇلى بار يەرگە باشلاپ بارىمەن، دۇلدۇل سېنى مەلىكىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان ئانا كېيىككە مىنىپتۇ. ئانا كېيىك:

— كۆزۈڭنى يۇم، — دەپتۇ. سۇلتان كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىرچاغدا ئانا كېيىك :

— كۆزۈڭنى ئېچىپ، بۇ دۇلدۇلغا مىنگىن، — دەپتۇ. سۇلتان كۆزىنى ئېچىپ مەلىكىنىڭ دۇلدۇلىنى كۆرۈپتۇ.

سۇلتان دۇلدۇلغا مىنىپتۇ. ئانا كېيىك:

— دۇلدۇلنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆزۈڭنى يۇم، — دەپتۇ.

سۇلتان ئانا كېيىكنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا بوراننىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بىر چاغدا دۇلدۇل توختاپتۇ. سۇلتان كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىر چۆل - جەزىرىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سۇلتان نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، دۇلدۇل زۇۋانغا كىرىپ:

— مەن سېنى مۇشۇ يەرگىچە يەتكۈزۈپ قويالايمەن، قالغان يولنى ئۆزۈڭ باسسەن، سېنى بۇ يەردە ئۈتتۈز كۈن ساقلايمەن، ئوتتۇز كۈنگىچە قايتىپ كېلەلمىسەڭ مەن قايتىپ كېتىمەن، سەن مەڭگۈ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېتەلمەيسەن، — دەپتۇ.

سۇلتان دۇلدۇلدىن چۈشۈپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. سۇلتان يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول ئازابىدىن مېڭىشقا دەرمانى قالماپتۇ. لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ. سۇلتان قەدەملىرىنى تەستە ئېلىپ كېتىۋاتسا ئالدىغا نۇرانە چىراي، چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. سۇلتان ئۇ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي سۇلتاننىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— ئەي بالام، ئىنسان بالىسى ئاياغ بېسىپ باقمىغان بۇ چۆل - جەزىرىدە نېمە مەقسەتتە يۈرىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى، چۆل - جەزىرىدە نام - نىشانسىز يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپ :

— مەن ئاشۇ مەلىكىنى ئىزدەپ تېپىپ قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ماڭدىم، — دەپتۇ.

بوۋاي سۇلتاننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن :

— قارا دىۋىنىڭ ماكانى ئالدىڭدىلا، يەنە ئالدىڭغا ماڭساڭ قارا دىۋىگە يەم بولىسەن، ياخشىسى كەينىڭگە ياىغىن، — دەپتۇ. سۇلتان بوۋايغا :

— مەن شۇ قارا دىۋىنى ئىزدەپ كەلگەن، كەينىمگە يانسام نامەرت سانىلىپ قىيامەتتە قارا يۈز بولىمەن. قىيامەتتە قارا يۈز بولغاندىن قارا دىۋە بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىڭغا يەم بولغىنىم ياخشى، — دەپتۇ.

بوۋاي سۇلتاننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— سەن قىلغان شۇ ساخاۋىتىڭنىڭ ئەجرىنى كۆرگۈچە نۇرغۇن جەۋر - جاپا چەككۈدەكسەن، مەن ساڭا ئاسانلىق تىلەپ دۇئا قىلاي، سەن يەنە ئالدىڭغا ماڭساڭ، قارا دىۋە كۆرۈپلا قالسا ئۇنىڭغا تىرىك يەم بولىسەن. شۇڭا، مەن ساڭا سۇلايمان قالپىقىنى بېرەي، بۇ قالپاق سۇلايمان

ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان. بۇ قالپاقنى كىيىۋالساڭ، سەن ھەممىنى كۆرىسەن، لېكىن سېنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. بۇ قالپاقنى كىيىۋالغىن، — دەپ يېنىدىن بىر قالپاقنى چىقىرىپ سۇلتانغا بېرىپتۇ.

سۇلتان بېغىشىدىن چېپىلىپ كەتكەن قولىنى سۇنۇپتىكەن، بوۋاي سۇلتاننىڭ قولىنى كۆرۈپ، قالپاقنى قولغا ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قالپاقنى ئۇنىڭ قوينىغا تىقىپ قويۇپ:

— بالام، سەن خاتىرجەم ئالدىڭغا قاراپ ماڭ، لېكىن ئالدىڭغا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقتا قالغان جان - جانىۋار، ھايۋانلارغا ياردەم قىلىشنى ئۇنتۇتما، سەن قارا دىۋىنىڭ ماكانىغا بارغاندا بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنىڭ نەگە، نېمىگە بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالغىن، چۈنكى دىۋىلەرنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە بولمايدۇ. دىۋىنىڭ جېنىنىڭ نېمىگە بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلسەڭلا ئۇنى ئۆلتۈرمەك تەس ئەمەس، ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

سۇلتان ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ قانچىلىك ماڭغانلىقىنى بىلمەپتۇ. سۇلتان شۇنداق كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر قومۇشلۇق ئۇچراپتۇ. ئۇ قومۇشلۇقتىن قانداق ئۆتۈشنى ئويلاپ تۇرۇشىغا، قومۇشلۇق ئىچىدىن ئېچىنىشلىق نالە قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئاڭلىنىۋاتقان نالە - زار سۇلتاننىڭ يۈرىكىنى ئېزىپتۇ. سۇلتان ئىختىيارسىز ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. سۇلتان بېرىپ قارىسا، كالىدىن يوغان بىر ئېيىق نالە - زار قىلىۋاتقانىكەن. سۇلتان ئېيىقنىڭ نېمىگە نالە - زار قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتراپقا قاراپتۇ. ئەسلى ئېيىقنىڭ كەينى ئوڭ پۇتىغا قومۇش سانجىلىپ كۆكلەپ كەتكەنىكەن. ئېيىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي نالە - زار قىلىۋاتقانىكەن. سۇلتان ئېيىقنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلاپتۇ. لېكىن، قولى بولمىغاچقا، قومۇشنى قانداق چىقىرىشنى ئويلاپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىر قومۇشنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ، ئېيىقنىڭ پۇتىنى پەنجىسىز قولى بىلەن تارتىپ، قومۇشتىن ئاجرىتىپتۇ. شۇ چاغدا ئېيىق زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، سەن بۇ ئادەم ئاياغ بېسىپ باقمىغان ماكانغا نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ قالدىڭ؟ ئىنسانلار تولىمۇ رەھىمسىز كېلەتتى، سەن نېمە ۋەجىدىن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى، بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— سېنىڭ نالە - زارىڭ مېنىڭ يۈرىكىمنى ئەزدى. مەن سېنىڭ نالە - زارىڭغا چىدىماي سېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى نىيەت قىلدىم، سەن قانداق قىلىپ بۇ ئازابقا قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

ئېيىق:

— مەن ئېيىقلارنىڭ پادىشاھى ئېيىق سۇلتان بولىمەن. مەن بىر كۈنى ئوۋغا چىققانىدىم، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر كېيىك ئۇچرىدى، مەن كېيىكنى تۇتۇش ئۈچۈن ئېتىلدىم. شۇ ھامان پۇتۇمغا قومۇش سانجىلىپ كەتتى. مەن ئازابقا چىدىماي ھوشۇمدىن كېتىپ يېتىپ قاپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، پۇتۇمغا سانجىلغان قومۇش كۆكلەپ كېتىپتۇ. مەن قومۇشنى چىقىرىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلسامىلا ھوشۇمدىن كېتىمەن، شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە يېتىپ قالغىلى يەتتە يىل بولغان. بۈگۈن سېنىڭ شاپائىتىڭ بىلەن بۇ ئازابتىن قوتۇلۇپ قالدىم، مەندىن نېمە ياخشىلىق تىلەيسەن؟ — دەپتۇ. سۇلتان:

— مەن سەندىن ياخشىلىق تىلەپ سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرمىدىم، پەقەت سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئويلىدىم، — دەپ ئېيىق بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى بوپتۇ. ئېيىق سۇلتانغا:

— مېنى مىنگىن، مەن سېنى قومۇشلۇقتىن ئاچىقىپ قوياي، — دەپتۇ.

سۇلتان ئېيىققا مىنىپتۇ. ئېيىق سۇلتاننى قومۇشلۇقتىن ئېلىپ چىقىپ:

— ئەي رەھىمدىل ئادەم بالىسى، ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە «ئېيىق سۇلتان، تېز كەل» دەپ چاقىرساڭ دەرھال ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن، — دەپ سۇلتان بىلەن خوشلىشىپتۇ.

سۇلتان ئېيىق بىلەن خوشلىشىپ ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە نالە ـ زار قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. سۇلتان يەنە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بېرىپ قارىسا، بىر تۈلكىنىڭ پۇتى قاپقانغا چۈشۈپ قالغانىكەن. تۈلكە قاپقاندىن قۇتۇلالماي نالە ـ زار قىلىۋاتقانىكەن. سۇلتان بۇنى كۆرۈپ، تۈلكىنىڭ پۇتىنى قاپقاندىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. تۈلكە شۇ زامان زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي، رەھىمدىل ئىنسان بالىسى، ئاللا ساڭا رەھمەت، مەدەت قىلسۇن، سەن نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ نېمىشقا مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان تۈلكىگە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— سېنىڭ نالە ـ زارىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قۇتۇلدۇردۇم، سەن ئۆزۈڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە:

— مەن تۈلكىلەر پادىشاھى، تۈلكە سۇلتان بولىمەن، مەن باللىرىمغا ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، دىققەت قىلماي قاپقانغا چۈشۈپ قالدىم، باللىرىم ھەرقانچە قىلىپمۇ مېنى قۇتۇلدۇرالماي، مېنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا كەتتى، سەن ماڭا قىلغان ياردىمىڭ ئۈچۈن مەندىن نېمە تىلەيسەن؟ مەن ساڭا تىلىگەن نەرسەڭنى بېرەي، — دەپتۇ. سۇلتان:

— مەن سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ياردەم قىلدىم، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپ ماڭماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا تۈلكە:

— ئەگەر ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە، «تۈلكە سۇلتان، تېز كەل» دەپ چاقىرساڭ دەرھال يېنىڭدا پەيدا بولىمەن، — دەپتۇ.

سۇلتان تۈلكە بىلەن خوشلىشىپ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە نالە ـ زار قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. سۇلتان ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بېرىپ قارىسا، بىر بۈركۈت تورغا چۈشۈپ قېلىپ، توردىن چىقىپ كېتەلمەي نالە ـ زار قىلىۋاتقانىكەن. سۇلتان بۈركۈتنى توردىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ قولى بولمىغاچقا تورنى ئۈزۈشكە ئامال قىلالماپتۇ. لېكىن، بۈركۈتنى شۇ ھالەتتە تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر تورنى چىشى بىلەن چىشلەپ بىر ـ بىرلەپ ئۈزۈپ، مىڭ تەستە بۈركۈتنى توردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. بۈركۈت شۇ ھامان زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم بالىسى، ماڭا قىلغان ياردىمىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچى ئىگەم رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن، سەن بۇ ئادەم ئاياغ باسمايدىغان يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىپ:

— سەن قانداق قىلىپ تورغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن مۇشۇ تەۋەدە ياشايدىغان ئاق دىۋە ئەرات بولىمەن. بۇ تەۋەدە يەنە قارا دىۋە ئەتتارمۇ بار. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە دۈشمەن. شۇڭا، بىر ـ بىرىمىزنىڭ زېمىنىغا ئەسلا ئاياغ باسمايتتۇق. مەن بىر كۈنى شارابنى كۆپ ئىچىپ قويۇپ مەستلىكتە قارا دىۋىنىڭ زېمىنىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەپتىمەن. قارا دىۋە ماڭا ھۇجۇم قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قارشى تۇردۇم. ئىككىمىز يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشقان بولساقمۇ بىر بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق. قارا دىۋە ئېلىشىپ غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي، سېھىر ئىشلىتىپ مېنى تورىغا چۈشۈرۈۋالدى. ئۇ ماڭا قول سالماقچى بولۇپ ئۈچۈپ كېلىۋاتقاندا، بىر يەردىن دۈلدۈلنىڭ

كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قارا دىۋە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، نېمە بولغانلىقىنى بىلمىدىم. سېنىڭ گېپىڭدىن قارىغاندا، قارا دىۋە ئاشۇ مەلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، مېنى تاشلاپ، مەلىكىنى تۇتۇپ كېلىشكە كېتىپتۇ - دە. مەن سېنى ئۇنىڭ ماكانىغا باشلاپ بېرىپ، ئۆز ئاشىقىڭنى قۇتۇلدۇرۇشۇڭغا ياردەم بېرەي، قېنى مېنىڭ ئۈستۈمگە مىنگىن، — دەپتۇ.

سۇلتان ئاق دىۋىنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. دىۋە كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. دىۋە بىر هازا ئۇچقاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ :

— مانا، قارا دىۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەلدۇق، يەنە بىرئاز ماڭساڭ ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىسەن. ئېسىڭدە بولسۇن، قارا دىۋىنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە ئەمەس، ئۇنىڭ جېنىنىڭ نېمىگە بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلمەي، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنسەڭ هالاك بولىسەن، ئۇنى هالاك قىلاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ جېنىنىڭ نېمىگە بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالغىن، ماڭا هاجىتىڭ چۈشسە «ئاق دىۋە ئەرات، تېز كەل» دېسەڭ دەرهال ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن، — دەپتۇ.

سۇلتان قويىنىدىن سۇلايمان قالپىقىنى چىقىرىپ كىيىپ، هېچنېمىگە كۆرۈنمەي قارا دىۋىنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىپ قارىسا مەلىكە بىهوش ياتقانىكەن. قارا دىۋە مەلىكىنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرغانىكەن. سۇلتان بىر تەرەپكە ئۆتۈپ قارا دىۋىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قارا دىۋە مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، ساڭا قاراپ ئولتۇرغىلى يەتتە كۈن بولدى، مەن بۇ يەتتە كۈندە هېچنېمە يېمىدىم، مەن قورسىقىمنى توقلاپ كېلەي، — دەپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

سۇلتان شۇ هامان بېشىدىن قالپاقنى ئېلىۋېتىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەلىكەم، تېز كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن سۇلتان، — دەپ چاقىرىپتۇ.

مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ ئالدىدا تۇرغان سۇلتاننى كۆرۈپ :

— سىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان بۇ يەرگە كېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ :

— مەن سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

مەلىكە سۇلتاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ :

— ئەي سۇلتان، بۇ دىۋە ماكانى، ئادەم بالىسى دىۋىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، قاراپ تۇرۇپ دىۋىنىڭ قولىدا هالاك بولىسىز بولمايدۇ، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، — دەپتۇ.

سۇلتان مەلىكىگە ئەهۋالنى چۈشەندۈرۈپ :

— دىۋىنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە بولمايدىكەن، بىز ئۇنىڭ جېنىنىڭ نېمىگە بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالساقلا، دىۋىنى ئۆلتۈرۈش قىيىن ئەمەس، سىز دىۋە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن جېنىنىڭ نېمىگە بەنت قىلىنغانلىقىنى سوراپ بىلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا هاۋا گۈلدۈرلەپ، قارا بوران چىقىپتۇ. مەلىكە:

— بۇ دىۋىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى، سىز تېز يوشۇرۇنۇڭ، — دەپتۇ.

سۇلتان سۇلايمان قالپىقىنى كىيىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. قارا دىۋە ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ هوشىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ :

— مەلىكە، هەر نېمە بولسا ئېسىڭىزگە كەپسىز، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال، — دەپتۇ. مەلىكە خاپا بولۇپ قاپىقىنى تۈرۈپ:

— سەن خۇشال بولغان بىلەن مەن خاپا، — دەپتۇ.

— سىز نېمىگە خاپا ؟ — دەپ سوراپتۇ قارا دىۋە. مەلىكە:

— مېنى بۇ يەرگە مۇشۇنداق يالغۇز تاشلاپ

قويغىلى ئېلىپ كەلگەنمۇ ؟ يا ماڭا ئۆز سىرىڭنى ئېيتمايدىكەنسەن، ــ دەپتۇ.

ــ مەلىكەم، سىز مېنىڭ نېمە سىرىمنى بىلمەكچى ؟

ــ مەن دېۋىلەرنىڭ جېنى تېنىدە ئەمەس، باشقا بىر نەرسىگە بەنت قىلىنىدىكەن دەپ ئاڭلىغان، بۇ راستمۇ ؟

ــ راست.

ــ ئۇنداقتا سىنىڭ جېنىڭمۇ بەنت قىلىنغانمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ سىنىڭ جېنىڭ نېمىگە بەنت قىلىنغان؟ جېنىڭ نەدە ؟

ــ ئەي، مەلىكەم، بۇنى مەندىن سورىمىسىڭىز بولاتتى.

ــ ئەگەر دەپ بەرمىسەڭ، مەن بىر ئۆمۈر بىھوش ياتىمەن.

ــ ئۇنداق قىلماڭ مەلىكەم، مەن سىزگە دەپ بېرەي. مېنىڭ جېنىم تاغ ئۆڭكۈرىدىكى قەپەستىكى قارا قۇشقا بەنت قىلىنغان.

ــ ئۇنداقتا سەن تولىمۇ ئاجىز ئىكەنسەن ـ ھە؟

ــ مەن قانداق ئاجىز ئىكەنمەن ؟

ــ قەپەسنى تېپىپ، قارا قۇشنى ئۆلتۈرسىلا سىنىڭ جېنىڭ چىقىپ كەتكۇدەكقۇ؟

ــ قەپەسنىڭ يېنىغا، قەپەسنىڭ ئاچقۇچى يوق ھەر قانداق ئادەم يېقىن بارالمايدۇ. چۈنكى قارا قۇش قەپەسنىڭ ئاچقۇچى يوق ھەرقانداق ئادەمنى كۆرسە سايرايدۇ. مەن ھەرقانداق يەردە بولساممۇ قارا قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمەن ھەمدە دەرھال قەپەس يېنىدا پەيدا بولىمەن. قەپەسكە يېقىن يولىغان ھەرقانداق مەخلۇقنى يەۋېتىمەن.

ــ ئۇنداقتا قەپەسنىڭ ئاچقۇچىنى ھەرقانداق ئادەم تاپالامدۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ قەپەسنىڭ ئاچقۇچى نەدە ؟

ــ مەلىكەم، بۇنى سورىماڭ، بولامدۇ ؟

ــ سەن مېنىڭ خاپا بولۇشۇمنى خالىمايدىغانسەن ؟

ــ بولىدۇ، مەن دەپ بېرەي. ئاچقۇچنى مەن ئولتۇرۇۋاتقان تەخت ئاستىغا ساندۇققا سېلىپ كۆمۈۋەتكەن.

ــ ئاچقۇچنى ئېلىپ، جېنىڭ بەنت قىلىنغان قارا قۇشنى ماڭا كۆرسەتكىنە.

ــ مەلىكەم، مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، مەن ئۇخلاپ قوپۇپ كۆرسىتەي بولامدۇ ؟

قارا دېۋە شۇنداق دەپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. سۇلتان يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغان ئورنىدىن چىقىپ، بېشىدىن سۇلايمان قالپىقىنى ئېلىۋېتىپتۇ. مەلىكە قارا دېۋىدىن بىلگەنلىرىنى سۇلتانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۇلتان مەلىكىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قەپەسنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ چىقىشتا تۈلكىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىپ :

ــ تۈلكە سۇلتان، تېز كەل،ــ دەپ چاقىرىپتۇ.

تۈلكە سۇلتان شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ :

ــ ئەي رەھىمدىل ئىنسان، ساڭا قانداق ياردىمىم كېرەك؟ ــ دەپتۇ.

سۇلتان قارا قۇش سولانغان قەپەسنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ چىقىشنى ئېيتىپتۇ. تۈلكە سۇلتان دەرھال قارا دېۋىنىڭ تەختىنىڭ ئاستىغا ئورەك كولاپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە تۈلكە سۇلتان بىر ساندۇقنى چىشلەپ چىقىپتۇ. مەلىكە ساندۇقنى ئېچىپ ئاچقۇچنى ئاپتۇ. ئۇلار تاغ ئۆڭكۈرىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى يوغان قورام تاش بىلەن ئېتىۋېتىلگەنىكەن. ئۇلار ھەرقانچە كۈچەپمۇ قورام تاشنى ئورنىدىن تەۋرىتەلمەپتۇ. سۇلتان قورام تاشنى يۆتكەشكە ئېيىق سۇلتاننىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىپ:

ــ ئېيىق سۇلتان، تېز كەل،ــ دەپ

چاقىرىپتۇ. شۇ ھامان ئېيىق سۇلتان ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئەي رەھىمدىل ئىنسان، ماڭا قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟ — دەپتۇ.

سۇلتان ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى يۆتكەشنى ئېيتىپتۇ. ئېيىق سۇلتان تاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ئاتقانىكەن، تاش يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

سۇلتان بىلەن مەلىكە ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. مەلىكە قارا قۇش سولانغان قەپەسنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قارا قۇشنى تۇتۇشىغا، قارا قۇش مەلىكىنىڭ قولىنى بىر چوقۇغانىكەن، مەلىكە قورقۇپ كېتىپ، قارا قۇشنى تاشلىۋېتىپتۇ. قارا قۇش ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سۇلتان قارا قۇش بالىسىنى تۇتۇشتا ئاق دىۋىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىپ:

— ئاق دىۋە ئەرات، تېز كەل، — دەپ چاقىرىپتۇ. ئاق دىۋە دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئەي رەھىمدىل ئىنسان، ساڭا قانداق ياردىمىم كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— تېزدىن قارا قۇشنى تۇتۇپ، ئۇنى بوغۇۋەتكىن، — دەپتۇ.

ئاق دىۋە بۈركۈتكە ئايلىنىپ قارا قۇشنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. قارا قۇش ئۆزىنى بۈركۈتنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئېچىنىشلىق سايراشقا باشلاپتۇ. قارا قۇش سايرىغان ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر ـ جاھان لەرزىگە كەپتۇ. كەينىدىن غايەت زور بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ، ھېلىقى قارا قۇشنى قوغلاپ كېتىۋاتقان بۈركۈتنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. بۈركۈت قارا قۇش قوغلاپ كەلگۈچە ھېلىقى قارا قۇشنى تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. شۇ ھامان يەنە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. بىرچاغدا تاغ ئۆرۈلگەندەك دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىپ ئالەم يورۇپتۇ. ئۇلار قارا دىۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بوپتۇ. شۇ چاغدا سۇلتان ۋاقىتنى ھېسابلاپ:

— مەن مەلىكىنىڭ دۆلدۆلى بىلەن خوشلاشقىلى يىگىرمە توققۇز كۈن بوپتۇ. ئوتتۇز كۈن بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارمىساق، ئۇ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىدۇ. بىز ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىپ كېتەلمەيمىز، بىزنى كىم دۆلدۆلنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويالايدۇ؟ — دەپتۇ.

ئاق دىۋە ئۇلارنى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويماقچى بوپتۇ. سۇلتان بىلەن مەلىكە ئاق دىۋىنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. ئاق دىۋە ئۇلار كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەلىكىنىڭ دۆلدۆلىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

مەلىكە سۇلتاننى ئۆزى تۇرۇۋاتقان تاغ ئۆڭكۈرىگە ئەكېلىپ قويۇپ كېنىزەكلىرى قالغان جايغا بېرىپتۇ. مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرى مەلىكىدىن ئەنسىرەپ يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار مەلىكىنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. كېيىنكى قايتا تىلغا ئېلىشماپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ. مەلىكە ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ئاي ئون كۈندىن كېيىن مىجەزىدە ئۆزگىرىش بوپتۇ. مەلىكىنىڭ ئانىسى مەلىكىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ:

— قىزىم، مىجەزىڭىزدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە ئانىسىدىن ئۆز سىرىنى يوشۇرالمايدىغانلىقىنى، يوشۇرسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇۋغا چىقىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىغا يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ مەلىكىگە:

— قىزىم، بۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا بىرى بىلمىسۇن. دادىڭىز بىلىپ قالسا سىزگە

رەھىم قىلمايدۇ. قالغان ئىشلارنى ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ياراتقۇچى ئىگەم ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

مەلىكە ئانىسىنىڭ گېپىگە ماقۇل بوپتۇ. ئانىسى مەلىكىنىڭ سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېنىزەكلىرىنى ئازاد قىلىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە بۇنىڭغىمۇ قوشۇلۇپتۇ. بىراق، مۇۋاپىق بىر سەۋەب تېپىپ پادىشاھنى قايىل قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بىر چارە تېپىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپتۇ. ئاخىر ئانىسى:

— قىزىم، ئەتە ئاتىڭىز سىزنى يوقلاپ كىرىدىغان كۈن. ئاتىڭىز كىرگەندە سىز ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىڭ. ئۇ كىرىشىگە چۆچۈپ ئويغىنىپ يىغلاڭ. ئاتىڭىز نېمە بولدى دەپ سورىسا، «چۈشۈمدە قىرىق بىر كېنىزەك قىرىق بىر يولۋاسقا ئايلىنىپ، مېنى يەيمىز دەپ تالىشىپ كېتىپتۇ. مەن بۇ چۈشنى نەچچە قېتىم كۆردۈم. قارىغاندا، كېنىزەكلىرىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنى ئازات قىلىۋېتەيلى» دەڭ. ئاتىڭىز بۇ تەلىپىڭىزگە قوشۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئاتام كۆرگەن چۈشكە مۇنەججىملەرگە قۇرئى سالدۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدىغان تۇرسا، بىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

— مۇنەججىملەر ھەرقانچە بولسىمۇ كۆرمىگەن چۈشنى بىلەلمەس.

مەلىكە ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ مەلىكىنى يوقلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ كىرگەندە مەلىكە ئۇخلاپ ياتقانىكەن. پادىشاھ مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيمەكچى بولغانىكەن، مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ، قورقۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىدىن:

— قىزىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— چۈش، چۈش... — دەپ يىغلاپ باشقا گەپ قىلالماپتۇ. پادىشاھ يەنە:

— قىزىم، يامان چۈش كۆرۈپ قاپسىزمۇ؟ نېمە چۈش كۆرۈپسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە كۆرگەن چۈشنى پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن بۇ چۈشنى يەتتە قېتىم كۆردۈم، قارىغاندا، كېنىزەك قىزلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلارنى ئازاد قىلىۋەتمىسەك، ئۇلارنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئاڭلاپ، مۇنەججىملەرگە مەلىكىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى ئەمىر قىپتۇ. مۇنەججىملەر يەتتە كۈن قۇرئى سېلىپ، ئاخىر باش مۇنەججىم پادىشاھقا تەزىم بىلەن سالام بېرىپ:

— ئەي، شەۋكەتلىك پادىشاھئىالەم، قىرىق بىر كېنىزەكنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدە بىردىن ئاشىقى بار ئىكەن. ئۇلار مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئاشىقلىرى بىلەن بىرگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدە مەلىكىگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى يەنە كۆچەيسە يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن يانمىغۇدەك، — دەپتۇ.

پادىشاھ مۇنەججىمنىڭ مەلىكىنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىنى ئاڭلاپ، مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرىنى ئازاد قىلىۋېتىشكە قوشۇلۇپتۇ.

مەلىكە شۇ كۈنلا كېنىزەكلىرىنى ئازاد قىلىۋېتىپ، خانىش بىلەن بىللە پىنھان ياشاشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى بالا توققۇز ئايلىق بولغاندا پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئوۋدىن قايتىپ كېلىشتىن توققۇز كۈن ئىلگىرى مەلىكە تىنچ ئامان بىر ئوغۇل يەڭگىپتۇ. بۇنى مەلىكە بىلەن خانىشلا بىلىپتۇ.

پادىشاھ ئوۋدىن قايتىپ كېلىشىگە خانىش ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىپ:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھىئالەم، مالال كەلمىسە بىر گەپنى سىلىگە دېسەم، بۇ ئىش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللىنىشقا ئەمر قىلغان بولسىلا، — دەپ ئىجازەت سوراپتۇ.

پادىشاھ سۆزلەشكە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن خانىش كۆڭلىگە پۈككىنى بويىچە :

— بۇنىڭدىن توققۇز كۈن ئىلگىرى كېچىدە، باش توخۇ چىللىغاندا بىر بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇنى خىيالىم ئوخشايدۇ دەپ پەرۋا قىلمىدىم، ۋاقىت ئۆتكەنچە بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى كۈچىيىشكە باشلىدى. مەن بوۋاقنىڭ يىغىسىغا چىدىماي خاس خانامدىن چىقسام، بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئوردا دەرۋازىسىدىن ئاڭلاندى. مەن دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ قارىسام، يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق يىغلاپ ياتىدۇ. بوۋاققا ئىچىم ئاغرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كىردىم. شۇ بوۋاقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ئەمر بەرسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ خانىشنىڭ ئېيتقانلىرىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي مۇنەججىملىرىگە قاراپ :

— بۇ بالىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە قۇرئە سېلىڭلار، قۇرئەدا بالىنىڭ تەقدىرىگە قانداق ھۆكۈم قىلىنغان بولسا شۇنداق بىر تەرەپ قىلاي، — دەپ ئەمر قىلىپتۇ.

مۇنەججىملەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، بالىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قۇرئە سېلىشىپتۇ. ئاخىر باش مۇنەججىم پادىشاھقا تەزىم بىلەن سالام بېرىپ :

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھىئالەم، بۇ بالىنى توققۇز ئاي ئوردىدا باقساق، توققۇز ئاي بولغاندا بالا ئۆز ئاتىسىنى تونۇۋالىدىكەن. بالا ئاتىسىنى تاپقاندا ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ مۇنەججىملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ :

— مەن ئىشىك ئالدىمغا كەلگەن ئاجىزلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلماسلىق ھەققىدە پەرمان قىلغان. بۇمۇ مېنىڭ ئىشىك ئالدىمغا كەلگەن ئاجىز بەندە ئىكەن، بىراق، بۇ ئاجىز بەندە مەن بىلگۈچە ئوردىغا كىرىپ بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ماڭا مېھمان ئىكەن. مېھمانلىق ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنى توققۇز ئاي باقاي، توققۇز ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولسا، شۇنداق بولسۇن، — دەپ بالىنى ئېلىپ قېلىشقا پەرمان بېرىپتۇ.

خانىش بالىغا مەخسۇس ئىنىكئانا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېقىپتۇ. بالىغا پاكزات دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. پاكزات توققۇز ئاي توققۇز كۈنلۈك بولغاندا پادىشاھ مۇنەججىملەرگە پاكزاتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قۇرئە سېلىشنى ئەمر قىپتۇ. مۇنەججىملەر پاكزات ھەققىدە قۇرئە سېپتۇ. باش مۇنەججىم:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھىئالەم، پۈتۈن يۇرتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەر زاتنىڭ ھەممىسى ئوردا ئالدىغا يىغىلىپ، بالىنىڭ ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتسە، بالا ئۆز ئاتىسىنى تونۇۋالىدىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ مۇنەججىمنىڭ تەكلىپى بويىچە پۈتۈن يۇرتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئەر زاتلىرىنى ئوردا ئالدىغا يىغىلىشقا پەرمان چىقىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانى جاكارچىلار ئارقىلىق يۇرت ـ يۇرتلارغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پۈتۈن يۇرتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئەرلەر ئوردا مەيدانىغا يىغىلىپتۇ.

پاكزاتنى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا مەخسۇس ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. پادىشاھ ئوردا مەيدانىغا يىغىلغان ئەرلەرنىڭ قولىغا بىر تالدىن ئالما تۇتقۇزۇپ پاكزاتنى كۆرسىتىپ :

— ئاشۇ بالىنىڭ ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

كىشىلەر پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن پاكزاتنىڭ ئالدىدىن، قولىدىكى ئالمىنى پاكزاتقا تەڭلەپ ئۆتۈپتۇ. ئوردا ئالدىغا يىغىلغان كىشىلەر قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈزدە پاكزاتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بوپتۇ. پاكزات ئالدىدىن ئۆتكەن بىرمۇ ئادەمنىڭ

قولىدىكى ئالمىغا قاراپمۇ قويماپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، مۇنەججىملەرگە غەزەپلىنىپ:

— سىلەرنىڭ سالغان قۇرئىيىڭلار مۇشۇمۇ؟ بۇ بالىنى ئۆزى ئاتىسىنى تاپىدۇ دېگەنىدىڭلار، ئۇنىڭ ئاتىسىنى تاپقىنى شۇمۇ؟ يەنە قۇرئى سېلىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مۇنەججىملەر پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قايتا قۇرئى سېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئىسىدىن پاكىزاتنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگەن بىر ئادەمنىڭ قالغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. باش مۇنەججىم پادىشاھقا تازىم بىلەن سالام بېرىپ:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھىئالەم، يۇرتىمىزنىڭ سىرتىدىكى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ياشاۋاتقان بىر ئەر بۇ بالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەپتۇ، شۇ ئادەمنى كەلتۈرۈپ باقساق، بالا ئاتىسىنى تاپسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئادەملىرىگە شۇ تاغ ئۆڭكۈرىنى تېپىپ، ئۆڭكۈردە ياشاۋاتقان ئادەمنى ئېلىپ كېلىشنى ئەمر قىپتۇ. پادىشاھنىڭ نۆكەرلىرى سۇلتاننى تېپىپ ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشاھ سۇلتانغا ئالمىنى بېرىپتۇ. سۇلتان قولى بولمىغاچقا ئالمىنى ساپىقىدىن چىشلەپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى پاكىزاتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. سۇلتان ئالمىنى چىشلىگىنىچە پاكىزاتنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. سۇلتان پاكىزاتنىڭ يېنىغا كېلىشكە توققۇز قەدەم قالغاندا، پاكىزات سۇلتانغا قاراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. سۇلتان پاكىزاتنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، پاكىزات ئورنىدىن تىيىنىپ قوپۇپ، سۇلتاننىڭ بوينىغا ئېسىلىپتۇ. سۇلتاننىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بالىنىڭ سۇلتاننىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ:

— بۇ بالىنى مېنىڭ ئىشىكىم ئالدىغا تاشلاپ قويغان گۇناھىڭ ئۈچۈن كاللاڭ كېسىلسە ھەق بولاتتى. سېنىڭ كاللاڭ كېسىلسە بۇ بالا ئىگە-چاقسىز قالىدىكەن. مۇشۇ بالىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنى ئامان قوياي. بۇ بالىنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال، قايتا كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ نۆكەرلىرى پاكىزاتنى سۇلتاننىڭ گەجگىسىگە مىندۇرۇپتۇ. پاكىزات سۇلتاننىڭ گەجگىسىگە مىنىپ، مەڭزىنى سۇلتاننىڭ بېشىغا يېقىپ چىڭ قۇچاقلاپتۇ. سۇلتان بىلەكلىرى بىلەن پاكىزاتنىڭ پۇتىنى كۆكسىگە بېسىپتۇ. قەلبىدە چەكسىز ئاتىلىق مېھىر-مۇھەببەت، كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇلتاننى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

سۇلتان پاكىزاتنى كۆتۈرگەنچە ئۆزى تۇرۇۋاتقان تاغ ئۆڭكۈرىنى نىشانلاپ مېڭىپتۇ. سۇلتان خېلى ماڭغاندىن كېيىن يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي كېتىپ بارسا، ئالدىغا چاتقاللىق ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ مېڭىشى تېخىمۇ تەسكە چۈشۈپتۇ. سۇلتان يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي تۇرغاندا چاتقاللىق ئارىسىدىن بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ:

— ئەي ئىنسان، مېنىڭ ماكانىمغا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن. مەن بىر چىشلەم ئوزۇق يېمىگىلى توققۇز كۈن بولدى. ئۆزۈڭ ئامان قالاي دېسەڭ، گەجگەڭدىكى بالىنى ماڭا تاشلاپ كەت، بولمىسا ھەر ئىككىڭ ئامان قالمايسەن، — دەپتۇ.

سۇلتان ھەر قانچە قىلسىمۇ يولۋاستىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— سەنمۇ خۇدانىڭ جانىۋىرى، مەنمۇ خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى، ياراتقان ئىگىمىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، شۇ تەلىپىمنى ئاڭلاپ باققىن، — دەپتۇ.

— قېنى، تەلىپىڭنى ئېيت، مەن ئاڭلاپ باقاي!

— مەن يولدىن ئادىشىپ سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ قاپتىمەن. بۇ مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىر ئىكەن. مېنى يېسەڭ، مەن بۇنىڭغا رازى.

لېكىن بۇ بالىنى مەن ئېلىپ كەلدىم. بۇ بالىنى يەيمەن دېسەڭ مەن رازى ئەمەس. ئەگەر بۇ بالا ئۆزى ماڭالىغان بولسا، بەلكىم سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ بالىنى ئۆز مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ كەلسەم مېنى يېگىن. يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭ ئىككى قولۇم يوق. ئىككى قولۇم بولغان بولسا مەن ساڭا تەلەپ قويۇپ ئولتۇرماي، ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم تېپىپ كېتەتتىم. سەنمۇ مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلماي ماڭا ئوخشاش ئاجىز بەندىنى يېسەڭ، نامەرد ئاتىلىپ قالىسەن. ياخشىسى، مەن بالىنى ئاپىرىپ قويۇپ كەلسەم، ئاندىن مېنى يېگىن.

— ئىنسانلار دېگەن ۋاپاسىز كېلىدۇ. سېنىڭ گېپىڭگە قانداق ئىشىنىمەن؟

— مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي.

— قېنى، قەسەم قىل، مەن ئاڭلاپ باقاي.

سۇلتان سەل ئويلىنىپ:

— مەن بۇ بالىنى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، يولۋاسقا يەم بولۇشقا كەلمىسەم، ئۆيدە قىزى تۇرۇپ ئەرگە بەرمىگەن بېخىللارنىڭ بېخىلى بولۇپ كېتەي، — دەپتۇ.

يولۋاس تۇرۇپ كېتىپ :

— بۇ قەسىمىڭ بولمىدى. سىلەرنىڭ يۇرتىڭ قازىسىنىڭ يەتتە قىزى بار، قىزلىرىنىڭ چوڭىنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتتى، كىچىكىنىڭ چېچىغا ئاق كىردى. ئۇلارنى ئەرگە بەرگەن بولسا ئالدى نەۋرىلىك، كىچىكى نەچچە باللىق بولاتتى. سېنىڭ بۇ قەسىمىڭگە ئىشىنىپ، سېنى قويۇپ بەرسەم، بۇ جاھاندىكى ئەڭ ئەخمەق ئايلىنىپ قالىمەن، سېنىڭ بۇنداق قەسەملىرىڭگە ئىشەنگەندىن سېنى يېگىنىم تۈزۈك، — دەپ خىرىس قىپتۇ.

سۇلتان يولۋاسنى توختىتىپ :

— قايتىدىن قەسەم قىلىپ بەرسەم ماقۇل بولامسەن؟ — دەپتۇ.

— قېنى، سەن ئاۋال قەسىمىڭنى قىلىپ باققىن.

— ئەگەر مەن بۇ بالىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، يولۋاسقا يەم بولۇشقا كەلمىسەم، ئاجىزلارغا نەزىر -سەدىقە بەرمەيدىغان، مال - مۈلكىنىڭ ئۆشرە - زاكىتىنى ئايرىمايدىغان هارامخورلاردىن بولاي.

يولۋاس سۇلتانىنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ :

— ياق، بۇ قەسىمىڭمۇ بولمىدى. سىلەرنىڭ يۇرتىڭ بېگى شۇنداق تۇرسا، بۇ قەسىمىڭگە هەيران قالغىلى بولمايدۇ. سېنىڭ بۇ قەسىمىڭگە ئىشەنگەندىن سېنى يېگىنىم تۈزۈك، — دەپ ئالدىغا ئۈچ قەدەم مېڭىپتۇ.

سۇلتان يولۋاسنى يەنە توختىتىپ :

— يەنە قايتا قەسەم قىلسام ماقۇل بولامسەن؟ — دەپتۇ. يولۋاس:

— قېنى، قەسىمىڭنى قىلىپ باققىن، — دەپتۇ.

— مەن بۇ بالىنى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، يولۋاسقا يەم بولۇشقا كەلمىسەم، غېرىب - مۇساپىر، ئاجىز - يېتىملارغا خەيرىخاهلىق قىلغان ئادەمنى جازالايدىغان نائەھلىدىن بولاي.

يولۋاس سۇلتانغا قاراپ تۇرۇپ :

— سىلەرنىڭ يۇرتىڭ پادىشاهى شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ سەن بۇ بالا ئۈچۈن هەرقانداق جازانى قوبۇل قىلىشقا رازى ئىكەنسەن، ئاللا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن. مەن سىلەرنى يېيىشتىن ۋاز كەچتىم، سىلەرنى چاتقاللىقتىن ئاچىقىپ قوياي، — دەپتۇ. سۇلتان يولۋاسقا مىنىپتۇ. يولۋاس كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلارنى چاتقاللىقتىن ئاچىقىپ قويۇپ :

— مەن سىلەر بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشاي، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە يولۋاس مېنى قۇتقۇزغىن دېسەڭ، مەن يېنىڭدا هازىر بولىمەن، — دەپ چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

سۇلتان بالىنى كۆتۈرگىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سۇلتان شۇ ماڭغانچە يەتتە كۈن

يول يۈرۈپتۇ. ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن سۇلتاننىڭ لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ. بالىمۇ چاڭقاپ زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ. سۇلتان بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق بېرىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن سۇ ئىزدەپتۇ. سۇلتان ھەر قانچە قىلىپمۇ سۇ بار يەرنى تاپالماپتۇ. سۇلتان ئاخىر ئامال قىلالماي :

— يولۋاس، بىزنى قۇتقۇزغىن، — دەپتۇ.

شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يەر - زېمىن لەرزىگە كېلىپ يولۋاس ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ :

— ئەي ئىنسان، سېنىڭ بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟— دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئەھۋالنى ئېيتىپ:

— مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇ تاپالمىدىم، بىزنى سۇ بار يەرگە ئاپىرىپ قويمىساڭ بۇ بالا تەشنالىقتا ئۆلۈپ كەتكۈدەك، — دەپتۇ.

يولۋاس ئەتراپقا قاراپ:

— مەن سىلەرنى بىر دەريا بويىغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ.

سۇلتان يولۋاسقا مىنىپتۇ.

يولۋاس ئۇنى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا بويىغا ئەكېلىپ قويۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

سۇلتان ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ، پاكىزاتقا ئۇسسۇزلۇقنى قاندىق ئىچۈرۈشنى ئويلاپتۇ. پاكىزاتنى گەجگىسىدىن چۆشۈرۈۋەتسە قايتا گەجگىسىگە ئالالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە بېشى قېتىپتۇ. ئۇ پەقەت ئامال تاپالماپتۇ. ئاخىر سۇلتان پاكىزاتقا دۈم يېتىپ سۇ ئىچۈرمەكچى بولۇپ يېتىپتۇ. شۇ زامان پاكىزات سۇلتاننىڭ گەجگىسىدىن چۈشۈپ كېتىپ، قىرقىراپ يىغلىغىنىچە دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئېقىشقا باشلاپتۇ. سۇلتان پاكىزاتنى تۇتۇۋالاي دېسە، تۇتۇۋالىدىغان قولى يوق. ئاخىر ھېچ ئىلاج قىلالماي ياراتقان ئىگىسىگە ئىلتىجا قىلىپ :

— ھەممىگە قادىر خۇدا، ئاجىز بەندەڭنىڭ نالە - زارىغا قۇلاق سېلىپ بىر گۇناھسىز، نارەسىدە بەندەڭگە رەھىم - شەپقەت ئەيلەپ، بالامنى بۇ دەريادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالساڭ ! — دەپ زار - زار يىغلاپتۇ. سۇلتاننىڭ نالە - زارى يەر - جاھاننى تىترىتىپتۇ. شۇ ھامان خىزىر ئەلەيھىسسالام دەريا بويىدا پەيدا بوپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغانىكەن، پاكىزاتنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقان دولقۇن كەينىگە قايتىپ، سۇلتاننىڭ ئالدىدا توختاپ، قاينام بولۇپ چۆرگىلەپتۇ. سۇلتان ئالدىدا تۇرغان نۇرانە چىراي، ئاپئاق ساقال ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم سۇلتاننىڭ سالىمىنى قوبۇل قىپتۇ. سۇلتان قاينام ئىچىدە چۆرگىلەۋاتقان بالىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام سۇلتانغا:

— سەن نېمىشقا بالاڭنى دەريادىن سۇزۇۋالمايسەن؟ — دەپتۇ.

سۇلتان بېغىشىدىن چېپىلىپ كەتكەن قولىنى كۆرسىتىپ:

— مېنىڭ قولۇم يوق، — دەپتۇ. خىزىر:

— سەن خاتىرجەم قاينامغا قولۇڭنى تىقىپ، بالىنى سۇزۇۋالغىن، — دەپتۇ.

سۇلتان دەريانىڭ لېۋىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىنى قاينام ئىچىگە تىقىپتۇ. قاينام ئىچىدىن بىر نۇر كۆتۈرۈلۈپ، ئالەمنى لەرزىگە سېپتۇ. سۇلتان قاينام ئىچىدىن پاكىزاتنى سۇزۇۋالغانىكەن، پاكىزات قولىغا چىقىپتۇ. سۇلتان ئۆز قولىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— سېنىڭ قولۇڭ، ياخشى ئىش قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن چېپىۋېتىلگەن. شۇ ساخاۋىتىنىڭ ئەجرى بىلەن قولۇڭ ئەسلىگە كەلدى. سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پادىشاھتىن ساخاۋەت تىلە. ئۇ ساڭا ساخاۋەت قىلسا قىلدى، قىلمىسا چېپىلىپ كەتكەن قولۇڭنىڭ قىساسىنى تارتىدۇ، — دەپتۇ، دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

سۇلتان پاكزاتنى كۆتۈرگىنىچە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ:

— ئەي ساخاۋەت ئىگىسى، ساخاۋىتىڭنى غېرىب ـ مىسكىن، ئاجىزلاردىن ئايىمىغايسەن، ساخاۋىتىڭنىڭ ئەجرىنى كۆرگەيسەن، — دەپ توۋلاپتۇ.

پادىشاھ ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئولتۇرغانىكەن. پادىشاھ سۇلتاننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ :

— تاشقىرىدىكى نېمە غوۋغا ؟ غوۋغا قىلغان ئادەمنى ئالدىمغا باشلاپ كىرىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى چىقىپ، سۇلتاننى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ سۇلتاننى كۆرۈپ :

— سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمغا قايتىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان پادىشاھقا سالام قىلمايلا :

— مەن پادىشاھتىن ساخاۋەت تىلەپ كەلدىم، پادىشاھىئالەم، ماڭا ساخاۋەت قىلسىلا، ساخاۋەتنىڭ ئەجرىنى كۆرىدىلا، — دەپتۇ.

سۇلتاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، پادىشاھ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ :

— سەن مېنىڭ پەرمانىمنى يەنە بۇزماقچىمۇ؟ جاللات، بۇنىڭ قولىنى جەينىكىدىن چېپىپ تاشلاڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

جاللاتلار سۇلتاننى سۆرىگىنىچە جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھقا:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھىئالەم، غەزەپلىرىگە هاي بەرسىلە، ئۇنىڭغا بىر پۇرسەت بەرسىلە، ئۇ سىلىدىن شەپقەت تىلىسە قولىنى چاپمىسىلا، — دەپتۇ ۋە سۇلتاننىڭ يېنىغا كېلىپ، پادىشاھتىن شەپقەت تىلەشنى ئېيتىپتۇ. سۇلتان يەنە :

— مەن پادىشاھتىن ساخاۋەت تىلەپ كەلدىم، پادىشاھى ئالەم، ماڭا ساخاۋەت قىلسىلا، ساخاۋەتنىڭ ئەجرىنى كۆرىدىلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ غەزەپ بىلەن :

— بۇ بەدبەختنىڭ قولىنى چېپىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

جاللاتلار سۇلتاننىڭ قولىنى كۆتەككە باسماقچى بولغانىكەن، سۇلتان قولىنى كۆتەككە ئۆزى قويۇپ بېرىپتۇ. جاللاتلار سۇلتاننىڭ قولىنى شۇنداق چاپقانىكەن، پالتا سۇلتاننىڭ قولىغا تېگىشى هامان، كۆچلۈك بىر نۇر پەيدا بولۇپ، دەهشەتلىك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، ئالەمنى لەرزىگە سېپتۇ. كەينىدىن قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن هەر خىل، هەرخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ جاهان يورۇپتۇ. ئەتراپتىكىلەر قارىسا جازا مەيدانىدا پادىشاھنىڭ جەسىتى بېغىشىدىن چېپىۋېتىلگەن ئىككى قول گېلىنى بوغۇۋالغان هالەتتە ياتقۇدەك. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ، ئۇلار تەختكە قارىسا، ئالتۇن تاجى كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان سۇلتان ئولتۇرغانىكەن. سۇلتاننىڭ ئوڭ يېنىدا مەلىكە، سول يېنىدا پاكزات ئولتۇرغانىكەن. بۇ كارامەتتىن كىشىلەر هەيرانۇ هەس بوپتۇ، ئاندىن هەممىسى سۇلتانغا هۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ سۇلتان پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ تاغ ئۆڭكۈرىدە قالغان ئانىسىنى قايتۇرۇپ ئەكەپتۇ. سۇلتان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن غېرىب ـ مۇساپىر، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ. يۇرت گۈللىنىپ، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسىدىن ئىسمائىل تاھىر)
(رەتلىگۈچى تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)

# يىلپىزخان

(داستان)

تولپلاپ رەتلىگۈچى: شېرىپجان قاسىم

قايقاش① دېگەن بۇ يۇرتتا،
قىنى قىزىق بۇ يۇرتتا،
يىلپىزخان دېگەن چوكان،
بوياغچى دېگەن گاداي،
جاڭگالغا بېرىپ بىر ئان
ئوتانمۇ ئېلىپ چىقتى،
قولدىماققا② كىرگەندە
ھادىقىنى ئېلىشتى،
قىلمتقىنىنى قىلىشتى،
تاتلىقىنى ئېيتىشتى ...

يىلپىز دېگەن سېكىلەك،
قىزىل بولۇپ ئۈپكىدەك:
«ھوي گاداي، جېنىم گاداي،
بىكا گېپىڭنى قىلماي،
ئىشتانباغقا ياماشماي،
كىندىكىمگە تاماشماي③
تاۋا چاپان ئەپ بەگىن،
كۆپۈش مەسە ئەپ بەگىن،
چىدىغانغا چىقارغان،
دىڭگايغاندا ھىجايغان،
دۇردۇن كۆينەك ئەپ بەگىن،
يا سۆزۈمنى تېز بەگىن»
شۇنداق دېگىلى تۇغاندا،
ھەيۋە قىلىپ تۇغاندا،
ياقىدىن بوغاپ تۇدى،
ئېڭەككە ئۇر دەپ تۇردى،
ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
كەگۈلۈكمۇ كەپ تۇردى.
ئۆلمەككە ئۆلۈم يوقكەن،
بۇ ياغچى قېچىپ يۇردى.
قامالغا ئامال نەدە،
ھىجاققا تامبال نەدە
بۇ ياغچى دېگەن گاداي
ئورنىدىن قوپۇپ ماڭغاي،
شورئېرىقنى④ ياقىلاپ
دۇڭچاقاغا⑤ پالاقلاپ
تەقدىرىنى تاشلاپ،
يىلپىزخاننى ئاچلاپ
ھالىدىنمۇ كەتتىلەر
ھېلىمكامغا ئېيتتىلەر:
«ھوي ماڭا جېنىم ئاداش
ھاجەتمەن بولۇپ كەلدىم،
جاننى ئەپقېچىپ كەلدىم.
ھاجەتكە داۋا باردۇر،
كۆڭلۈمگە سازا⑥ باردۇر.
ھېلىمكام ئاڭلىدى،
پەشلىرىنى تاڭلىدى.
ساندۇقلىرىنى ئېچىپ،
بوغجىمىسىنى يېشىپ
تاۋا چاپاننى بىر ئالدى،
كۆپۈش مەسىمۇ ئالدى،
زەر كۆينەكنى بىر ئالدى،
قاما تەلپەكنىمۇ ئالدى،

① قايقاش — قاراقاش.
② قاراقاشتىكى بىر جاينىڭ نامى.
③ تاماشماي — تامدۇرماي.
④ شور ئېرىق — بىر جاينىڭ نامى.
⑤ دۇڭچاقا — قاراقاشتىكى بىر كەنتنىڭ نامى.
⑥ سازا — دېئالېكت سۆزى بولۇپ، «ئازار»، «دەرد» دېگەن مەنىدە.

يۇگرەپ بېرىپ سارە،
بولدى شۇنداق ئىرادە،
شۇنداقىنا بىر ئەردى،
ئالدىراپ قوياپ ئەردى،
يىلپىزخان دېگەن چوكان،
زەك سېلىپمۇ قارىغان،
قاش - كۆزلىرى ئوينىدى،
بىرەمنى كۆدى.
ئۇستىگىمۇ كەيدى،
ئۇپا - ئەڭلىكنى ئېتىپ،
بوياغچىغا قاش ئېتىپ
ئوسمىنى دەمدەك قوياپ،
ئەينەك ئالدىدا تۇدى،
بوياغچى دېگەن گاداي:
— هوي خوتۇن، يىلپىزخان،
بەك ئۇز بولۇپ قاپسىلە
ئۇزمە ئايلىغا باماڭلا،
ئودا ئالدىغىمۇ باماڭلا،
ئۆي ئالدىدا ئويناڭلا.
شۇنداقىنە دېگەندە،
يىلپىزخانغا مىنگەندە.
«ماقۇلغىنە، ماقۇل» دەپ،
ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ.
بىر - بىرىگە ئۇقتۇماي،
ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

※ ※ ※

ئۇزمە ئالدىغا باسا،
ياغچى مازانى باغلاپتۇ.
ئۇسما قويغان خېنىمنى
چاق پىلەكتە چاغلاپتۇ.
ئۇ يەردىن بىر - بىر كېتىپ،
غەم ئۇستىگە غەم يېتىپ،
ئودا ئالدىغا بارسا،
هېكىم بېگىم كۆرەپ قاپتۇ:
«هوي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئەلىرى بارمىدى، يوقمىدى؟»
شۇنداقىنا دېگەندە،
يىلپىزخان دېگەن چوكان:
ئېرىم بېيدى ئۆيۈمدە،
كەلدىم ئەمدى بۇيەگە،
شۇنداقىنا بىر دەپتى،
هېكىم بېگىم سالاشتى،
چاقچاق گەپلەر ئۇلاشتى.
— هوي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ماڭا بىر تەگسىلە.
— سىلىگە تېگەي دېسەم،
بەش مىڭ سەر قەرزىم بار،
قەرزىمنى بېرەلەملا،
گەپلىرىدە تۇرالاملا؟
— ماڭا تېگەر بولسىلا
نىيەتلىرىنى يىغسىلا،
بەش مىڭ سەر تىللانى،
مايماق ئېشەككە ئاتىپ،
چاكا ياللامچىنى تاتىپ،
ئارغىي ئاتقا مەن مىنەي،
كىي قالپاقنى مەن كىيەي،
تون - پېرىجەمنى كىيىپ
مېمهان باشلاپ مەن كېلەي.
يىلپىزخان دېگەن چوكان:
— هېكىم بېگىم بىر كەلدى
مايماق ئېشەكنى ئەكەلدى.
ئايغىر ئاتنىمۇ ئەكەلدى
بەش مىڭ سەر تىللا ئېلىپ
تون - پېرىجەمنى پىل
يۇگرە - يۇگرە تېز كەلدى.
هاي گاداي، توكا ياغچى،
مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسىلا،
ئويلاپ - ئويلاپ قالمىسىلا،
مايماق ئېشەكنى جايلاپ
ئايغىر ئاتنى جايلاپ
بەش مىڭ سەر تىللا پۇلنى
هېكىم بەگنىڭ تونىنى
هەممىنى بىر ئېلىپ
باغقا كىرىپ ئولتۇرۇمىز
هەممىسىنى قويۇتۇرۇمىز
ئاچچىقلىرى كەلگەندە
بادىر غاجاپ ئولتۇرسىلا،
تاتلىقلىرى كەلگەندە،
كەندى چايناپ ئولتۇرسىلا،
بوياغچى دېگەن گاداي
باغقا كىرىپ ئولتۇردى،
پۈتىنى كېرىپ ئولتۇردى.

※ ※ ※

هېكىم بەگ بىلەن يىلپىزخان،
ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى،

چاي مەزە ئىچىپ بولۇپ
سۆزنى گەپكە تولدۇردى.
ئالەمغىنە كەچ بولدى،
ياتار چاغلىرى بولدى.
ھېكىم بېگىم ئاچچىقلاپ
— جېنىم خېنىم، يىلپىزخان،
ئورۇن جاينى سالسىلا!
شۇنداققىنە بىر دەپتى،
يىلپىزخان دېگەن چوكان
يوتقان جايىنمۇ بى سالدى.
ساي ياتقىلى قوپقاندا،
يىلپىزخان دېگەن چوكان
يوتقاندىن چىقىپ بىرئان
تەكىي بېشىدا ئولتۇردى.
ھېكىم بېگىم ئاچچىقلاپ
— ھەي يىلپىزخان، يىلپىزخان،
نېمىشقىمۇ ياتمايلا
نېمىشقا خاپا بوللا؟
دەپ يالۋۇرغان چېغىدا
يىلپىزخان دېگەن چوكان
— ھاي بېگىم، جېنىم بېگىم،
يا قالپاقنى ئالمايلا،
يا تونلىرىنى سالمايلا،
يوتقاننى يىرتاي دەملا،
مەسلىرىنى سالماپلا؟
شۇنداققىنا بىر دەپتى،
ھېكىم بېگىم چاچراپ قوپۇپ،
مەسنى سېلىپ قويدى،
قالپاقنى ئېلىپ قويدى،
تونىنى سېلىپ قويدى.
ئەمدى ياتاي دېگەندە،
بوياغچى دېگەن گاداي
باغقا كىرىپ ئولتۇرۇپ،
بادىر غاجاپ ئولتۇردى،
تاتلىقلىرى كەلگەندە
كەندى چايناپ ئولتۇردى،
ھېكىم بىلەن يىلپىزخان،
ئەمدى ئۇخلاي دېگەندە،
بوياغچى دېگەن گاداي
داۋزىنى قېقىپ تۇردى.
يىلپىزخان چاچراپ تۇرۇپ:
— ھاي بېگىم، ئوبدان بېگىم،
خاپا بولۇپ قالمىسىلا،
ئېرىم يامان گادايتى،
جانلىرىنى جايلىسىلا،
رەسۋا بولۇپ قالمىسىلا،
بىر مۇشۇنداق ياتمىسىلا،
كېلىپ قالدى ئا گاداي،
تېز قاچسىلا ياتمىسىلا!
شۇنداققىنا بىر دەپتى،
ھېكىم بەگ قوقاپ كېتىپ،
— ھاي يىلپىزخان، يىلپىزخان
تالاغا چىقاي دېسەم،
يا پىرىجەم بولمىسا،
سەللە - پەللە بولمىسا،
ئۆزلىرى ئامال قىلسىلا،
دەپقىنا تۇردى شۇئان.
يىلپىزخان دېگەن چوكان،
ھېكىم بەگنىڭ تونلىرىنى،
كېپىش، مەسە، پۆللىرىنى،
بارىنى ساندۇققا سالدى،
ھېكىم بەگنى ئاپىرىپ
چوڭ بۆشۈككە بۆلىدى.
كىگىز يوتقان يېپىپ قويدى.
يوتقانغا يۆگەپ قويۇپ
تالاغا چىقىپ كىردى،
بوياغچى دېگەن گاداي
داۋزىغا تېپەر ئەردى.
يىلپىزخان دېگەن چوكان
ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.
بوياغچى دېگەن گاداي
تالادىن يۆگرەپ كىرىپ
— ھاي مۇسۇمان، يىلپىزخان
مەن بۇ يەردىن كەتكەندە
بوياڭلىدا باردىغۇ،
بالامنى تۇغدۇڭلىمۇ،
يا ئوغۇلمۇ يا قىزمۇ؟
شۇنداققىنا سوراپتى،
— ھاي مۇسۇمان، جېنىم مۇسۇمان
بۇ بالامنى توغقىلى
ئۈچ ئايلىققىنە بولدى.
مىدىلاتقىلى بولمايدۇ،
يا كۆتەگىلى بولمايدۇ،
بۆشۈككە بۆلەپ قويدۇم،
يوتقاندا يۆگەپ قويدۇم،
ئەشەدە كۆرۈشۈڭلا.
شۇنداققىنا بىرلا دەپ،

ئۆيگە باشلاپقىنا كىردى.
بوياغچى بوزە گاداي
قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ،
بويىنىنى سوزاپ بېرىپ،
سۆيگىلى ئىنا قىلدى.
ھېكىم بەگنىڭ بۇرىتى
سانجىلىپقىنا تۇردى.
ھېكىم بەگنىڭ ساقىلى
ساڭگىلاپقىنا تۇردى.
— ھوي قېرى، پىسە قېرى،
نېمانچە يوغان بالاڭ؟
ئۈچ ئايلىق بولدى دېسەڭ
بۇ ئەمدى قانداق بالاڭ؟!
مىدىلاتقىلى بولمىسا،
يا كۆتەگلى بولمىسا،
پاچىقىغا قارىسام
بۆشۈكتىن ئېشىپ چۈشسە،
بۇرۇتى ئۆسەگ تۇرسا،
ئامبۇرۇمنى ئەكەپ بە.
موچىنىمنى ئەكەپ بە
بۇ بالامنىڭ بۇرۇتىنى
ئاغزىنا تەڭشەپ قوياي.
يۇز - كۆزىنى بىر ئازلا
بىر ئازلا تەڭشەپ قوياي.
چوتلىرىمنى ئېلىپ بە،
بۇ بالامنىڭ پۇتىنى
بىر ئازلا تەڭشەپ قوياي.
شۇنداققىنا دەپ قويۇپ،
بوياغچى دېگەن گاداي،
چوتنى① تاپقىلى ماڭدى.
يىلپىزخان دېگەن چوكان:

«هاي بېگىم، جېنىم بېگىم،
تېخىچىلا ياتاملا
مەن بايا نېمە دەپتىم؟
جانلىرىنى جايلىسىلا،
جايلىمىسىلا جانلىرىنى،
قالپاقتىن قۇرۇق قاللا،
پۇللىرىدىن قۇرۇق قاللا،
كېپىش، مەسە، سەللىدىن،
ئاتلىرىدىن قۇرۇق قاللا،
يەنە بىدەم تۇرسىلا،
ساقال - بۇرۇت پۇتلىرىدىن
جانلىرىدىن قۇرۇق قالتىلا.
شۇنداققىنە بىر دەپتى.
— جېنىمغىنا يىلپىزخان،
تالاغا چىقاي دېسەم،
يا تامبىلىم بولمىسا،
يا تونلىرىم بولمىسا،
يالىڭاچ چىقىپ تۇرسام،
كونا بۆشۈكنى دۈمبەمگە
ئاستاغىنا يۆلەپ قويسىلا،
بوسۇغىدىن چىقىۋالسام.
شۇنداققىنە بىر دەپتى،
يىلپىزخان دېگەن چوكان
كونا بۆشۈكنى كاللىسىتىن
ئاستاغىنە يولىدى.
ھېكىم بېگىم ئىغاڭلاپ
كونا بۆشۈكنى ئاتقانچە،
تاراقلىتىپ قاچقانچە،
تۆت قەدەمچە ماڭغاندا،
گۆلۆپپىدە يىقىلدى.
ئىنجىقلاپقىنا ياتقاندا،

يىلپىزخان دېگەن چوكان:
— ھوي بېگىم، جېنىم بېگىم،
نېمانداققا ياتتىلا،
چاپسان قاچسىلا بولماتتۇ؟
شۇنداققىنە بى دەپتى،
ھېكىم بېگىم يىغلىغاچ،
دېدى شۇنداق يالۋۇرۇپ:
— جېنىمغىنا يىلپىزخان،
كونا بۆشۈك ئېغىركەن،
ماڭالماي يېتىپ قالدىم،
بۆشۈكنىڭ ئېغىرىدا
يەر تارتىپ يېتىپ قالدىم.
ئاستاغىنا يۆلەپ تۇرۇپ
بوسۇغىدىن چىقىرىۋەتسىلە.
بۇ گەپنىغىنا دەپتى،
يىلپىزخان دېگەن چوكان
كونا بۆشۈكنى يۆلىگەچ،
داۋزىدىن چىقىرىپ قويدى.
ھېكىم بېگىم قوپقۇنچە
كونا بۆشۈكنى يۈتكۈنچە،
تاراقلىتىپ قاچقانچە،
ئىشكايلىغا بارالماي،
ئۆيلىرىگە كىرەلمەي،
ھامامىغىمۇ بىر كىرىپ،
خۇدايىمغا شۈكرى دەپ،
دالدىغا پانالاندى.
خاپىلىقتىن ئازابلاندى.
شۇنداققىنا دەپ قالدى:
مايماق ئېشەكتىن قۇتۇلدۇم
ئارغىي ئاتتىن قۇتۇلدۇم.
بەش مىڭ سەرغىنە پۇلدىن

① چوت — چوڭ كەكە، خارەتلەرنىڭ ئەسۋابى.

ھەم تونۇمدىن قۇتۇلدۇم.
توغرا قالپاقتىن قۇتۇلدۇم،
خۇداغا شۇكرى، قۇتۇلدۇم.
ھېكىم بېگىم قېچىپ قالدى،
ئۇ ئىشلار كېتىپ قالدى.
ئەمدى ئىشنى باشقىدىن
باشلايدىغان چاغ كەلدى.
بوياغچى دېگەن گاداي
باغچىدىن چىقىپ كېلىپ،
چوتلىرىنى بىر قويۇپ،
ئۆيلىرىگىمۇ كىرسە،
يىلپىزخان دېگەن چوكان:
— ھوي گاداي، جېنىم گاداي،
باكا گەپنى بىر قىلماي،
ئۆيگىمۇ بىر كىرسىلە،
بىر ئېغىزغىنە گېپىم بار.»
شۇنداققىنە بىر دېسە،
بوياغچى دېگەن گادايىنى
ئوڭ پۇتقا چىقىرىپ قويۇپ،
ساندۇقنى ئېچىپ قويۇپ،
ھېكىم بەگنىڭ تونلىرىنى
تىللا، قىغىز پۇللىرىنى،
كېپىش، مەسە، سەللىسىنى
ئالدىغا ئەكەپ قويىدى.
مايماق ئېشەكمۇ ھويلىدا
ھاڭراپ - ھاڭراپ جىم بولدى.
ئايغىر ئاتمۇ كىشنىدى،
تون - پېرىجىسىنى كۆردى،
كېپىش مەسىنى كۆردى،
توغرا قالپىقىنى كەيدى،
بەش مىڭ سەر پۇلنى كۆرۈپ،
چىرايلىرى ئېچىلدى.
— رەھمەت خوتۇن، مىڭ رەھمەت،
بەش مىڭ سەر پۇل تۇرۇپتۇ،
ئۆيگە بايلىق تولۇپتۇ.
ئەمدى باي بولاپتىمىز،
بەگزادە بولاپتىمىز،
ئەمدى رەھمەت، ئۇز خوتۇن،
كاجى چاپان ئەپ بېرەي
ئايقۇت ئۆتەك ئەپ بېرەي،
ئالتۇن ئۈزۈك ئەپ بېرەي،
ئاڭلا خوتۇن، مىڭ رەھمەت،
جاھان دېگەن شۇنداقكەن،
بىر - بىرىنى سوقمىسا،
مال - دۇنيا دېگەن يوقكەن.
بوياغچى گاداي دېگەن
ھارام پۇلغا بەك تويدى.
كۆنلەر ئۆتۈپ ئاي ئۆتسە،
سورىسا ئاللا - ئىگەم
ئوتتا كۆيۈپ كۆل بولدى.

(1978 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىدىكى زاۋۇا يېزىسىدىن راۋاپچى ئۆمەر ئابدۇللاخۇن، لاڭرۇ يېزىسىدىن ھەمىتخان راۋاب، قاراقاش ناھىيىسىدىكى جاھانباغدىن تۇرسۇن ئاخۇن دۆڭلەرنىڭ راۋاب بىلەن ئېيتقان داستانلىرىدىن كۆ- چۈرۈپ رەتلەپ چىقىلدى. رەتلىگۈچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن پېنسىيىگە چىققان.)



(خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا بولماس.)

— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

خەتتات: مەمەت نەۋبەت


中国移动通信
CHINA MOBILE
移动信息专家
مەشرەپ كارتىسى
تېخىمۇ كۆپ شاد-خۇراملىقلارنى يوللاپ،
بەخت تىلەكلىرىگە چۆمكەيدۇ!
1 يۇەنلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېتىبار بوغچىسىنى ئىشلەتسىڭىز ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى بىمالال ئۇرالايسىز.
تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.
真情特惠
引领精彩生活
轻松由我
神州行
www.xj.chinamobile.com 10086






# 源 泉 (布拉克)

# بـــــۇلاق

(维 吾 尔 文)　　总127期

(قــوش ئــايــلــىــق ژۇرنــال) ئــومــۇمــىــي 127- ســان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　　副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى:830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043